# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

XIN JIANG DA XUE XUEBAO

پەلسەپە- ئىجتىمائىي پەن قىسمى

2

1990

1990 - يىل 2 - سان
(ئومۇمىي 142 - سان)
6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
نەشىردىن چىقتى

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

## بۇ ساندا

ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پۈتۈن 1
پارتىيىنىڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى .............................. جاڭ بىڭيى 20
رېئاللىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى — ۋازكېچىشكە بولمايدىغان ھەقىقەت
....................................... ھېزىم قاسىم
دۆلىتىمىزدە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەيران
بولۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى توغرىسىدا ........
.............................. ئابلىكىم ھەسەن، يولداش ھوشۇر 41
دۆلىتىمىز مەدەنىي ئىشلار قانۇنچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ...
.............................. تۇرسۇنىياز ساۋۇر 49
ئىپتىدائىي ئېتىقاد بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ..........
.............................. ئابدۇكېرىم رەھمان 59
«قۇتادغۇبىلىك» دا مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ..........
.............................. ئابدۇللا ئۆمەر 72
كوررېكتورلۇق ۋەزىپىسىدىكى بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ..........
...... .............................. ئوسمان ئۆمەر 82
كەلپىن شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ........ ئىسلام يۈسۈپ 98
مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ھەققىدە .............. شېرىن قۇربان 106
ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تېپىلىشى ........ تۇرسۇن ھوشۇر 118
مىزۋىت ئۆزىيىزلىرى ھەققىدە .............................. ھاكىم جاپپار 126
يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە ...... «خاتىرە» يېزىش گۇرۇپپىسى 135

# ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پۈتۈن پارتىيىنىڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى

جاڭ بىڭيۇ

قىسقىچە مەزمۇنى: ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى مەسىلىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم مەسىلە. ھازىر ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «پارتىيىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە ئۆسۈشى» ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ماركسىزملىق پەلسەپىنى ئۆگىنىش، نەزەرىيە تەنقىدى، نەزەرىيە تەتقىقاتى، نەزەرىيە تەشۋىقاتى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، تەشۋىقات جەبھىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش، نەزەرىيە قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

1

ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى — پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيە ئىزچىل تۈردە چىڭ تۇتۇشى شەرت بولغان چوڭ ئىش. پارتىيىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندىمۇ، نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ياكى كۈچەيتمەسلىك بىۋاسىتە ھالدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەينەك قىلىپ، دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىپ، پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر بىر قاتار ئىلمىي

نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى كەڭ بايان قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ھۇلىنى قۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىپ چىقتى. بۇ نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى يولداش دېڭشياۋپىڭ باشچىلىقىدىكى مەركىزىي رەھبەرلىك يادروسىنىڭ كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا كەڭ نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ قېتىرقىنىپ ئىشلەپ بارغان تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىسى. بۇ نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسىگە ۋە پۇختا نەزەرىيە ئاساسىغا ئىگە بولدى. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

لېكىن، ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى يەنىلا كىشىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ. نەزەرىيە قۇرۇلۇشى ھازىر ئىنتايىن جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. بۇ يەردە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى تۆۋەندىكى ئىككى خىل جىددىيلىكتۇر.

بىرىنچى خىل جىددىيلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ماركسىزمغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ماركسىزم قاتتىق ئىغۋاگەرچىلىككە دۇچ كەلدى. ئىچكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشىدا ئەگرى-توقايلىق كېلىپ چىقتى. پارتىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش جەھەتتە تازا ئىزچىل بولالمىدى، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويدى، ئىدىيىۋى-سىياسىي ساھەدىكى كۆرەشكە سەل قارىدى، نەتىجىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئېقىمى ئۆزلۈكسىز تۇردا يامراپ، پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 10 يىل ئىچىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 4 قېتىم مەيدانغا چىقتى. بىرىنچى قېتىم 1979-يىلى چىقتى، بۇ چاغدا بەزى كىشىلەر «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش» شوئارىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئاچە كىشىلىك ھوقۇقىنى تەرغىب قىلىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلدى. ئىككىنچى قېتىم 1983-يىلى چىقتى، بۇ چاغدا ئاز ساندىكى كىشىلەر مەنىۋى بۇلغىنىش پەيدا قىلىپ، كوممۇنىزمنىڭ پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىزمغا ئىشەنمەسلىك كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى؛ ھەر خىل-

ھەررەڭدىكى بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ قالاق ئىدىيىسىنى تارقاتتى. ئۈچىنچى قېتىم 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرى چىقتى. بۇ چاغدا ئاساسەن زىيالىيلار ئىچىدىكى بىر قىسىم مۇناپىقلار كۈچىنىڭ بىرىنچە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش شامىلىنى چىقىرىپ، «پۈتۈنلەي غەربلەشمەش» نى تەرغىپ قىلدى. تۆتىنچى قېتىمقىسى 1989 - يىلىنىڭ باھار ۋە ياز پەسىللىرىدە يۈز بەرگەن مەملىكەت خاراكتېرلىك مالىمانچىلىق ۋە بېيجىڭدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدىن ئىبارەت بولدى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئويۇنىغا ماركسىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي يىپ باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدە ماركسىزمغا قارشى تۇرۇش ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى خەلقئارادىكى چوڭ كىلىمات بىلەن باغلانغان. غەربنىڭ مونوپول بۇرژۇئازىيىلىرى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىس - تۈتەكسىز 3 - دۇنيا ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «ئۇرۇش قىلماي غەلىبە قىلىش» مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئىدېئولوگىيە ساھەمىزدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ماركسىزمغا چىنىنىڭ بىرىنچى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى دۇنيا مىقياسىدا «يوقىلىپ كېتىۋاتقان بىرخىل كۈچ» دەپ جۆيلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ «دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇقى» دېگەن نېمىلىرىنى بىزگە تېڭىپ، ئەشۇ ئەبجەق بايرىقى ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ تەسىرىنى توسماقچى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىرخىل خەلقئارالىق چوڭ كىلىماتمۇ بارلىققا كەلدى، يەنى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر شۇنداق بىر تارىخىي پەيتكە دۇچ كەلدىكى، بەزى دۆلەتلەردە ماركسىزمغا، سوتسىيالىزمغا قارشى سىياسىي كۈچ مەيدانغا كەلدى، بەزى پارتىيىلەر ھالاك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ماركسىزم غايەت زور سىناققا دۇچ كەلدى.

ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر ماركسىزمغا قارشى غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋە ئېغىر ھالدا ئىغۋاگەرچىلىك تېرىغدۇرۇۋاتقان شارائىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ماركسىزمغا قاراتقان ئېغىر ئىغۋاگەرچىلىكىگە قايتۇرما زەربە بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە ماركسىزم مەيدانىدا بايراق روشەن بولغان ھالدا چىڭ تۇرۇش، ئىدىيىۋى سەپتىكى بوشاڭلىق، تارقاقلىق ھالەتلىرىنى ئۆزگەرتىش، كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇش توغرىسىدا پارتىيىمىزنى كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇردى، لېكىن پارتىيىمىزدىكى بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ يولداش جاۋزىياڭ بۇ مەسىلىنىڭ خەۋپ - خەتىرىگە ئېتىبار قىلماي، بۇ ئىدىيىۋى ئېقىمنى گاھ ئاشكارا، گاھ يوشۇرۇن ھالدا قوللىدى، ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان بەزى سەپلەرمۇ ماركسىزمغا قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشۋىقات سورۇنىغا ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا ماركسىزمغا قارشى كىشىلەرنىڭ «چىۋەر قەھرىمان» غا ئايلىنىپ قالدى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ كۈندىن كۈنگە يامراپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، ماركسىزمنىڭ ئىدىيىۋى سېپىمىز پەيدىنپەي ئاجىزلىشىپ باردى ۋە ئاخىرىدا بېيجىڭدىكى سىياسىي ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلە شۇكى، پارتىيىمىزنىڭ ئىچىدە، ئەركىنلەشتۈرۈشنى قوللايدىغانلار، ئەركىنلەشتۈرۈشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىدىغانلار ئىنتايىن ئاز، سىياسىي جەھەتتە پاك، ئادىل بولماي، ئەركىنلەشتۈرۈش ئۈچۈن بازار تېپىپ بېرىدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز، پارتىيە ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ سانىدىكى يولداشلار، جۈملىدىن يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار جۇڭگودا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشقا قارشى تۇرىدۇ. بىزنىڭ ماركسىزمغا قارشى پىكىر ئېقىمىغا ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە زەربە بېرەلمىدى، سەۋەبى قولىدىن بېرىپ قويۇشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۆزىمىز تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئاساسەن قورال ئاز بولۇپ قالدى، ياكى ھېچقانداق قورال بولمىدى، بەزى يولداشلار ئۈچۈن قوراللىنى باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويدى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇلاردا ھېچقانداق قورال دېگەن نەرسە يوق. بەزى يولداشلار ئۈچۈن ماركسىزملىق ئاساسى بوش دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇلاردا ئاساسىي ساۋات دېگەن نەرسىمۇ يوق. ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە، بىر تەرەپنىڭ قورال-ياراقلىرى خىل بولسا، يەنە بىر تەرەپنىڭ قورال-ياراقلىرى بولمىسا ياكى بولسىمۇ خىل بولمىسا، قانداقمۇ سەۋەبى قولىدىن بەرمەي قويىمسۇن؟ باشقىلار «قايتا تونۇش» دېگەن نام ئاستىدا، سوتسىيالىزمنى قارىلاپ، كاپىتالىزمنى پەدەزلىسە، ئۇنى بىز «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش» نىڭ ئىپادىسى دەپ قارىدۇق. باشقىلار كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم دېسە، ئۇنى بىز چېكىدىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق، دەپ قارىدۇق. ئېچىنىشلىق ساۋاقلار بىزگە شۇنى ئېنىق تونۇتتىكى، پەقەت ماركسىزملا ماركسىزمغا قارشى پىكىر ئېقىمىغا زەربە بېرەلەيدىغان ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغان ئىدىيىۋى قورال، كىشىلەر، بىز ئىدىيىۋى قوراللىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئەۋج ئېلىپ كېتىۋەردى. بۇ ئاساسەن يولداش جاۋ زىياڭنىڭ قوللاپ يول قويۇپ بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. لېكىن بۇ جەھەتتە ئۆزىمىزنىڭمۇ ھېساب بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىمىز بار. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇرغۇتۇلغان پېشقەدەم يولداشلار قاماقخانىدا يېتىۋاتقان شارائىتتىمۇ ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى يوشۇرۇنچە ئۆگەنگەن. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان يولداش دېڭ شياۋپىڭ يولداش جاۋ زىياڭنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا قارىماي، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزم-

لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشى، نەزەرىيە ئۆگىنىشى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئېھتىمۇ ئوبدان ئۆگىنىشى لازىملىقىنى قايتا-قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز نېمە ئۈچۈن يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ تەلىمىنى قۇلاقتا تۇتمىدۇق؟ نېمە ئۈچۈن ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنمىدۇق؟ ھەتتا ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەر ماركسىزمغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قوزغىغاندا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى كۈچلۈك تۈردە كۆرەش قىلالمىدۇق؟ بۇ جەھەتتىكى ئەيىپ كىمدە؟ بۇ ئۆزىمىز ئۈستىمىزگە ئېلىشقا تېگىشلىك جاۋابكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مالىمانچىلىقتىن ئىلگىرى ئۆلكىمىزدىكى بىر قىسىم ئۆلكە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، كادىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىگە نىسبەتەن ئېتىبارسىز قاراش پوزىتسىيىسىدە بولغان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان جىددىي رېئاللىق.

ئىككىنچى خىل جىددىيلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ۋەزىيىتى ماركسىزملىق نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە مۇھتاج، بىراق، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى بۇ ئېھتىياجغا ماسلىشىشتىن تولىمۇ يىراق تۇرماقتا. بۇ يەنە بىر خىل جىددىي رېئاللىق ھېسابلىنىدۇ. ئىگىلەپ كۆرۈشىمىزچە، ئۆلكىمىزدە ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ سانى 44 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى توغرىسىدا سىستېمىلىق تەربىيە ئالمىغان. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئۆلكىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا ياش ۋە ياش كادىرلار رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇلدى، بۇ زور تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياش كادىرلار ئىچىدە بىرمۇنچە يولداشلار داشۆدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ماركسىزمنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە تەربىيە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا بولۇپمۇ بىر قەدەر يۇقىرى قاتلامدىكى رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىنكى ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، مەيلى ئىدىيە ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئەمەلىي تەجرىبە جەھەتتىن بولسۇن، ھەممىسىدە تەييارلىق يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ يولداشلارنىڭ بىرمۇنچىسى نەزەرىيە ئۆگىنىشتە قىزغىن ۋە ئاكتىپ ئەمەس، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشنىلا بىلىدۇكى، ماركسىزمنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى مۇھىم ئورنىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ بىر تۈركۈم كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىنكى سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسى ئۇلارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىگە بارغانسېرى ماسلىشالمايۋاتىدۇ. بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىدىيە ئۆزگەرتىشىگە ۋە ئۆز

جىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە تەسىر يېتىپلا قالماي، بەلكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، رەھبەرلىك ھوقۇقى ھەقىقىي تۈردە ماركسىزمچىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلدىمۇ-يوق، دېگەن چوڭ مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا، رەھبىرىي كادىرلاردىن ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىش ئىشىنى بىر خىل ۋاقىتلىق تەدبىر دەپ قارىماي، ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە دەپ قاراش كېرەك. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ ئەھۋالغا قارىتا تېخىمۇ كۆپلىگەن يولداشلار جىددىي قارىمايۋاتىدۇ ۋە يېتەرلىك تونۇشتا بولمايۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار يەنە ئۇيقىسىنى ئاچمىسا، چوقۇم پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىدۇ.

## 2

نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى ۋە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ نەزەرىيىگە بولغان ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ، بىز چوقۇم كەم-كۈتىسىز ھالدا يولداش جياڭ زېمىننىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى» نىڭ روھى بويىچە، ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشىمىز لازىم. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پارتىيىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە ئۆسۈشى — پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىلمىيلىكىنىڭ تۈپ كاپالىتى. دۇنيا ۋە جۇڭگودىكى بىر مۇنچە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئۈستىگە ئالغان زور مەسئۇلىيىتىنى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە تۇرۇۋاتقان مۇھىم ئورنىنى نەزەردە تۇتقاندا، ماركسىزمنىڭ تۈپ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھازىرقى دەۋردىكى زور سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى بىر جىددىي ۋەزىپە سۈپىتىدە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇش زۆرۈر.» يولداش جياڭ زېمىننىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى بۇ ئىنتايىن مۇھىم بايانلىرى نەزەرىيىنىڭ مۇھىملىقىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بەردى. ۋەزىپىلەرنى بەلگىلەپ بەردى، تەلەپلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، پارتىيىنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە كۈچلۈك قورالى. يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «پارتىيىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە ئۆسۈشى» مۇھىم بىر ئىدىيە. بۇ مۇھىم ئىدىيىنىڭ مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچىدىن، ئۇ پارتىيىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە ئۆسۈشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى پارتىيە

رەھبەرلىكى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ تەكىتلىگەن، ئۇ پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىلمىيلىكىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئىككىنچىدىن، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھازىرقى دەۋردىكى زور سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپە. پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئەشۇنداق قويۇلۇشى پۈتۈنلەي يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولغان مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە ئۆسۈشىنىڭ تۈپ نۇقتىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنى، بولۇپمۇ ماركسىزملىق پەلسەپىنى ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي بولغان دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئىگىلەش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئۆستۈرۈش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزمغا بولغان پوزىتسىيىسىنى توغرىلاش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزمغا بولغان ئېتىقادىنى چىڭىتىشتىن ئىبارەت. ماركسىزم ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە ئاساسىي ئۇسۇلى كونىراپ قالمايدۇ. ماركسىزم بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى باشقا «ئىزم»، «ئىدىيە» لەرنىڭ ھېچقايسىسى باسالمايدۇ. ماركسىزم پرولېتارىيات ئىنقىلابى توغرىسىدىكى پەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش توغرىسىدىكىمۇ پەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق ئاساسىي ئېتىقادلارنىڭ تىكلىنىشىگە قارىتا بىزنىڭ بارلىق يولداشلىرىمىز، بولۇپمۇ تەشۋىقات - نەزەرىيە خادىملىرىمىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، مۇشۇنداق بىر تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرگە ئاساسەن، پۈتۈن پارتىيىنى، بولۇپمۇ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنى نەزەرىيە ئۆگىنىشكە، ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىدىكى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك جىددىي ۋەزىپە. مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، كېلەر يىلدىن باشلاپ (بۇ يىلنى دېمەكچى — تەرجىمان)، پۈتۈن پارتىيە ۋە بارلىق كادىرلار ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىشى لازىم. پەلسەپىنى ياخشى ئۆگىنىش پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننى مۇستەھكەملەپ ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت

خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئوبدان رەھبەرلىك قىلىشىدا ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ماركسىزملىق پەلسەپىنى ئۆگىنىش ئىلمىي دۇنيا قاراشنى دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى كۆزىتىشنىڭ قورالى قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىۋېلىپ، تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانىنى ئىگىلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى بويىچە، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تۈزۈلگەن. بۇ ئاساسىي لۇشيەندە كۆپ تەرەپلىمىلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت ساقلانغان. پەلسەپىنى ئۆگىنىپ، دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن بۇ مۇناسىۋەتلەرنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيمىز، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ توغرىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، تولۇق خىزمەتلىرىمىزنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بويىچە ئالغا سۈرەلەيمىز. ئىككىنچىدىن، ماركسىزملىق پەلسەپە بىزنى ئىلمىي مېتودولوگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەيلى قانداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنايلى، قانداق پەننى تەتقىق قىلايلى، بۇلارنىڭ ئۆزىدىكى كونكرېت ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى پەلسەپە مېتودولوگىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەمدىلا مالىمانچىلىقنى توسۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىپ تۇرغان چېغىمىزدا، ئۆتكەنكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە، قوبۇل قىلىشقا، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا، ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشتا ماركسىزملىق پەلسەپىدىن باشقا، ھېچقانداق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە ياردەم بېرەلمەيدۇ. پەقەت ماركسىزملىق پەلسەپىلا بىزنى توغرا بولغان مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەپ، مەسىلىلەرگە ماتېرىيالىستىك ۋە دىئالېكتىكىلىق ئاساستا قارىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەمەلىي خىزمەتلىرىمىزدىكى سۇبيېكتىپچىلىقنى، ئىدىيىۋى ئۇسۇل جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگىتىشىمىزگە ياردەم بېرىپ، بىزنى قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات جەريانىدىكى تولۇق خىزمەتلىرىمىزدە مۇمكىنقەدەر ئاز خاتالىشىش، خاتالىشىپ قالساقمۇ تېز تۈزىتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ماركسىزملىق پەلسەپە ھەممىگە شىپالىق بېرىدىغان رېتسېپ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇلۇغ بىلىش قورالى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى بىلىشىمىزدە كەم بولسا بولمايدىغان دۇربۇن ۋە مىكروسكوپ، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزنىڭ ئىدىيىۋى قورالى. ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ پەلسەپە سەۋىيىسى ئۆسسە، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىنتايىن زور

دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. يەنئەنئە ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلغانىدا، پۈتۈن پارتىيە ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ماۋزېدۇڭنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئىگىلىدى ۋە بۇ پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىككى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، كېلەچەك توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بىلىش سەۋىيىسى بىلەن نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى، بۇ ئىش پۈتۈن مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى. دېمەك، يەنئەنئە ئېلىپ بېرىلغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە زور بىر تۈركۈم كادىرلار، بولۇپمۇ بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار پەلسەپىنى ئۆگىنىش، پەلسەپىنى ئىشلىتىشتەك ياخشى ئادەتلەرگە ئادەتلەندى. 1979-يىلىدىن باشلاپ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدا چوڭ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، يولداش دېڭشياۋپىڭ تۈزگەن بۇ مۇھاكىمە پۈتۈن پارتىيە دائىرىسىدە ماركسىزملىق پەلسەپە توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان قايتا تەربىيە بولدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە ۋە تەربىيە ئارقىلىق، بىز ماتېرىيالىزم بىلەن دىئالېكتىكىنى يېڭىباشتىن ئىگىلەپ، ئىدېئالىزم بىلەن مېتافىزىكىنى يەنە بىر قېتىم تەنقىد قىلدۇق. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى چوڭ مۇھاكىمىنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە پۈتۈن پارتىيىنىڭ پەلسەپە سەۋىيىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسكەنلىكى ئۈچۈنلا، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش ئىشىنىڭ غەلىبىسىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق.

ماركسىزملىق پەلسەپىنى ئۆگىنىشتە، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ۋە يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى سېستىمىلىق ئۆگىنىش لازىم. بولۇپمۇ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى، يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ مول پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىش لازىم. بۇ ئەسەرلەر ماركسىزملىق پەلسەپە خەزىنىسىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىتتۇر. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرى بىزگە ئىنتايىن تونۇشلۇق بولغان «زىددىيەت توغرىسىدا»، «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دېگەن داڭلىق ئەسەرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ ھەربىي ئەسەرلىرىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسەر ھەم ھەربىي ئىلىمگە دائىر مەشھۇر ماركسىزملىق ئەسەر ھەم ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن دىئالېكتىكىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا تەتبىقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى. شۇڭا پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ئىنتايىن

مول بولغان، ھەقىقەت نۇرلىرى ھەممە يېرىدە چاقناپ تۇرىدىغان، ئەقلىي پىكىرلەر بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ ئەسەرنى ئۆگىنىش ھەممە ئۆگىنىشنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۆگىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماركسىزملىق ئۆلمەس پەلسەپە دەرسلىكىنى بۈگۈنكى كۈندە ئۆگىنىپ، بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ دىئالېكتىكىلىق ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزغا يېتەكچى قىلىش ناھايىتى رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش.

يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىدە پارتىيىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر ساداقەتلىك بىلەن خاتىرىلەنگەن، شۇڭا ئۇ ماركسىزملىق نەزەرىيىنىڭ بېيىتىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى. يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئاڭلىق تۈردە چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى توغرا ھالدا ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىزغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ماركسىزملىق پەلسەپىنى ئۆگىنىشتە بىرقانچە ئاساسىي تەلەپلەرنى ئورۇنلاش لازىم. بىرىنچىدىن، ئەسلى ئەسەرلەرنى جاپاغا چىداپ ئوقۇش لازىم. ھەقىقىي تۈردە بىلىمگە ئىگە بولۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئەسلى ئەسەرلەرنى ئوقۇشتىن ئىبارەت. لېكىن ئەسلى ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ پەلسەپىۋى ئەسلى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس، شۇڭا ئەسلى ئەسەرلەرنى جاپاغا چىداپ ئوقۇشتا ناھايىتى زور بەدەل بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەسلى ئەسەرلەرنى ئوقۇشتا پۇرسەتپەرەستلىك قىلىشقا بولمايدۇ، چالا-بۇلا ۋە يېرىم-ياتا ئۆگىنىپ قويۇپلا قانائەتلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئىنچىكىلەپ كىرىپ، بىلىم دېڭىزىدا ئەركىن ئۈزۈپ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىمىزنى ئاز-تولا ئۆستۈرەلەيمىز، ئۆزىمىزنىڭ روھىنىمۇ ئاخىرغىچە جارى قىلالايمىز. يولداش ماۋزېدۇڭ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «مەن يولداشلارنى پەلسەپە ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىمەن» دېگەن. يولداش ماۋزېدۇڭ ياشلىق دەۋرىدىلا پەلسەپىگە قىزىققان، ئۇ جىڭگاڭشەندىكى ۋاقتىدىن تارتىپ يەنئەندە تۇرغان ۋاقتىغىچە، پەلسەپىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پەلسەپىنى ئاكتىپ قىزغىنلىق بىلەن ئۆگەنگەن، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرىنى تولۇق ئوقۇپ چىققان، يەنە لى دانىڭ «جەمئىيەتشۇناسلىق پروگراممىسى»، ئەي سىچىنىڭ «ئاممىباب پەلسەپە»، «پەلسەپە ۋە تۇرمۇش» دېگەن ئەسەرلىرىنىمۇ

تولۇق ئوقۇپ چىققان، بەزىلىرىنى 10 نەچچە قېتىم ئوقۇغان، بەزىلىرىدىن خاتىرە قالدۇرغان. يولداش ماۋزېدۇڭ پەلسەپىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگەچكە، جىڭگاڭشەندىكى چاغلىرىدىن تارتىپ يەنئەنگە كەلگەن چاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇنلىغان مۇھىم پەلسەپە ئەسەرلىرىنى يازدى. ئۇ پەلسەپىنى قورال قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىدا تاكى ئىنقىلاب غەلىبە قىلغانغا قەدەر يېتەكچىلىك قىلدى. يولداش ماۋزېدۇڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە: «ئەگەر پارتىيىمىزدە ماركسىزم-لېنىنىزمنى چالا-بۇلا ئەمەس، بەلكى سېستىمىلىق، قۇپ-قۇرۇق ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئۆگەنگەن 100 دىن 200 گىچە يولداش بولسا ئىدى، پارتىيىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە ئاشقان ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنى يېڭىش ئىشىمىز چاپسانلىغان بولاتتى» دېگەن. ھازىر بىزنىڭ بىر مىليارد بىر يۈز مىليون ئاھالىسى، 48 مىليون ئەزاسى بار مۇشۇنداق بىر چوڭ پارتىيىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، 100 دىن 200 گىچە ئەمەس، بەلكى 10 مىڭدىن 20 مىڭغىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يولداشلارنىڭ ماركسىزمنى ئىگىلىشىگە توغرا كېلىدۇ. بىز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەلىمىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، پەلسەپىنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆگىنىشىمىز، ماركسىزمنى پىششىق ئىگىلىگەن تېخىمۇ كۆپ يولداشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئەڭ تۆپ كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەتكە باغلاش لازىم، يەنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتەك ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەلسەپە ئۆگىنىشنى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاش ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆز رايونىمىزنىڭ خىزمەتلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى مەغلۇبىيەتلىك بولۇپ چىققان تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەشىمىز لازىم. خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۆزلۈكسىز يەكۈنلەپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ، يەكۈنلىگەن تەجرىبىلەرنى پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ، خىزمەتلەردىكى نەتىجە بىلەن يېتەرسىزلىكلەرنى مۇھاكىمە قىلىش جەريانىنى پەلسەپىنى ئۆگىنىش، تەدبىقلاش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش لازىم. ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پىكىر قىلىپ، ئىدېئالىزم ۋە مېتافىزىكىنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، ئىدىيە جەھەتتىن ئىلمىي دۇنيا قاراشنى ھەقىقىي ھالدا تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىمىزنى چىڭىتىشىمىز لازىم. «نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش» پرىنسىپىنى بەزى كىشىلەر ھەمىشە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، لېكىن قانداق قىلغاندا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلىغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئانچە كۆپ ئويلانمايدۇ. بەزى كىشىلەر نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشنى «نومۇر بويىچە

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇش»، «ئىشانىنى چەتلەپ ئۆتۈپ ئېتىش» دەپ ئاددىيلا چۈشىنىدۇ-دە، «باغداغان» ھامان «نەتىجە ھاسىل قىلىش» نى ئويلايدۇ. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە توغرا ۋە ياخشى باغلاش-باغلىيالماسلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇر سەۋىيىسىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق، ئېنگېلس: بىر مىللەت ئىلىم-پەننىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن بىرەر مىنۇت ئايرىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر سەۋىيىسى ناھايىتى ناچار بولغان كىشى ناھايىتى ياخشى نەزەرىيىنىمۇ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىيالمايدۇ. دېمەك، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش پرىنسىپى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا ماھىر بولۇپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلغا ئاساسلىنالايدىغان، تارىخىي ۋە رېئال بولغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى توغرا چۈشەندۈرەلەيدىغان، جۇڭگو ۋە دۇنيادىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈپ، نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلىيەلەيدىغان بولۇشتىن ئىبارەت، مانا بۇ ھەقىقىي تۈردىكى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش، ھەقىقىي تۈردىكى ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش لازىم. ماۋزېدوڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى ئەڭ جەۋھەرلىك نەرسە، ئەڭ تۈپ ئۇسۇل ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت. «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ئۇنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىدە بىر تال قىزىل يىپتەك باشتىن-ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇلغان. بۇ ھەقتە يولداش چېن يۈن مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش توغرىسىدىكى تەسىراتىم نەدىن كەلگەن؟ مەن يەنئەندىكى چاغدا ئاغرىپ قېلىپ، زاۋيۈەندە دەم ئېلىپ يۈرگەنىدە، ماۋزېدوڭنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم، بۇ ئەسەرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» دېگەن بىر ئومۇمىي تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. يولداش ماۋزېدوڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ئۇنىڭدا بىرەر سىرنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىلمىي ئۇسۇل پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىدۇر. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، بۇ ئىدىيىۋى لۇشيەنگە قاتتىق ئەمەل قىلغاندا ئىشلىرىمىز ئالغا ئىلگىرىلىدى، تەرەققىي قىلالىدى؛ بۇ ئىدىيىۋى لۇشيەندىن ئايرىلغاندا، ئىشلىرىمىز قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى ۋە مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، بىزنىڭ پەلسەپە ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئونۇمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىدىيىۋى ئۇسۇلنى ھەقىقىي تۈردە ئىگىلىگەن ياكى ئىگىلىمىگەنلىكىمىزگە

قاراشتىن ئىبارەت. ئەگەر يەلسىنىڭ ئاتالغۇلىرى ۋە ئۇقۇملىرىنى يادلاپ سۆدەك
ئىچىۋېلىپ، دىيالېكتىكا ۋە مېتافىزىكا قائىدىلىرىنى شۇئارلىق چىرايلىق كىرىشتۈرۈپ
سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئۇسۇلنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك، بۇ يەنىلا
«پىكرىمىزنىڭ ئىچىدىكى» مىڭغا ئىلىقنى، «ئەقىل-پاراسەت» تاپالىغانلىقىمىزنى، «چۈشەن»
مىگەنلىكىمىزنى، تېخى ئۆگىنىپ بولالمىغانلىقىمىزنى، ئۆگەنسەكمۇ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى
ئىگىلىمىگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

نۆۋەتتە، يېڭى ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، نەزەرىيە تەتقىقاتى، نەزەرىيە
تەتقىقاتى ۋە نەزەرىيە تەشۋىقاتىنى ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم
ئەزمۇنى سۈپىتىدە ھەقىقىي ھالدا چىڭ تۇتىشىمىز لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان،
بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بارغانسېرى ئېغىر دەرىجىدە يامراپ كەتتى، ماركسىزم
ئېغىر دەرىجىدە چەتكە قېقىلدى ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، ماركسىزم ھەرقايسى يەتلەر
بويىچە ئىنكار قىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئومۇميۈزلۈك جەھەتتىن ئىنكار قىلىندى ۋە
قارشىلىققا ئۇچرىدى، قانداقتۇ «ۋاقتى ئۆتكەن نەزەرىيە»، «كۆپ مەنبەلىك نەزە-
رىيە»، «زىيانلىق نەزەرىيە»، «قاتمال نەزەرىيە»... دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل
سەپسەتىلەر ئېلان قىلىندى. بۇ سەپسەتىلەر بىر مەھەل تازا ئەۋج ئېلىپ، قالايمىقان
قالانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە تور-
غۇنلىغان كىشىلەرگە مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى، ماركسىزم يەنە داۋاملىق تۈزدە
يەنى ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇش-بولالماسلىقى
يەنى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە مەسىلە بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. رەھبىرىمىز پاكىتلار
بىلەن پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە گەۋدىسىنى بېرىپ قىلىپ، ماركسىزمنىڭ
ئىدىيە ۋە نەزەرىيە سېپىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ۋە مۇھىملىقىنى
قايتا-قايتا ئۇقتۇردى. بۇ جەھەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ، شۇ-
داقتىمۇ مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى ئالدى بىلەن چىڭ تۇتۇش لازىم. بىرىنچىدىن، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ماركسىزمغا قارشى نۇقتىئىنەزە-
رلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تازىلاش لازىم. ماركسىزمغا قارشى نۇقتىئىنەزەرلەرنى
ماركسىزم ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىن-
لەشتۈرۈشنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى نەزەرىيىۋى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەلەرنى چوڭقۇر
ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ نەزەرىيە ساھەسىدە پەيدا قىلغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ۋە
يامان تەسىرلىرىنى ئۈزلۈكسىز تازىلاش لازىم؛ تەھلىل قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش،
ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ماركسىزمغا قارشى ماھىيىتىنى

ئېچىپ تاشلاپ، ماركسىزمغا قارشى بەزى ئەسەرلەرنى توغرا نەزەرىيە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. تەھلىل قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگودا زادى ماركسىزمنىڭ كېرەكلىكى بارمۇ-يوق دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم. بۇ، بۇنىڭدىن 70 يىل ئىلگىرى ماركسىزم جۇڭگوغا ئەمدىلا تارقالغان چاغدا يۈز بەرگەن مەسىلە ئىدى. ھازىر، 70 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، بۇ مەسىلە تېخى ھەل بولمايۋاتىدۇ ۋە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە جۇمھۇرىيىتىمىز تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان قالايمىقانچىلىق ۋە توپىلاڭ يۈز بەردى. شۇڭا، جىددىي جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بولغان بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش زۆرۈر. نەزەرىيە خادىملىرى بۇ زور مەسىلىدە كىشىلەرگە قۇدرەتلىك نەزەرىيىۋى كۈچ بېغىشلاش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس ماركسىزم-لېنىنىزم. بۇ — بىزنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئىنقىلاب تەجرىبىلىرىمىزنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى. ماركسىزمنىڭ بۇنداق يېتەكچىلىك ئورنىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ماركسىزم بولمىسا، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق خىزمىتىمىزدە، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى قوغداش ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىيىتىگە جىددىي ۋە ئەستايىدىل تۇردە تەتبىقلاپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشقا سەل قارايدىغان پراگماتىزملىق خاھىشنى تۈگىتىشىمىز لازىم. ماركسىزم ئارقىلىق مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ ۋە ھەل قىلىپ، ماركسىزم ئارقىلىق كېلەچەكنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ماركسىزمنىڭ ئۆزلۈكسىز غەلىبە قىلىشتىكى پاكىتلىرى ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، چىڭ تۇرۇش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ماركسىزم — تەرەققىي قىلىدىغان پەن، بۇ، ئەمەلىيەتنىڭ تەلىپى ۋە ماركسىزمنىڭ ئۆز ماھىيىتىنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماي، بەلكى ماركسىزمنى قوغداشنىڭمۇ تەلىپى، ماركسىزم ئېنىق تۇردە تەھقىرلىنىۋاتقان ۋە ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز كوممۇنىستلار، بولۇپمۇ تەشۋىقات ۋە نەزەرىيە خادىملىرى تارىخىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، ئاكتىپ تۇردە ئىنكاس قايتۇرماي تۇرالمايمىز. لېكىن، ماركسىزم ئەمەلىيەت جەريانىدا راۋاجلانمىسا، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ بولمايدۇ، ئۇ قاتمال دوگمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ماركسىزمغا ھۇجۇم قىلغۇچىلارغىمۇ سۆز-چۆچەك قىلىدىغان دەسمايە چىقىپ قالىدۇ. شۇڭا،

ماركسىزم راۋاجلاندۇرۇلۇشى كېرەك. ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇشنىڭ مول مەزمۇنغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدا، ماركسىزم ئىككى قېتىم چوڭ راۋاجلاندۇرۇلدى. بىرىنچى قېتىمقىسى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە بولۇپ، پارتىيىمىز ماركسىزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ۋە ئۇ ئارقىلىق جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئىككىنچى قېتىمقىسى سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش دەۋرىدە بولۇپ، پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ماركسىزم يەنە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە غايەت زور يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئىككى قېتىملىق تەرەققىيات ئەمەلىيىتى ماركسىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا تېخىمۇ ياخشى ھالدا چىڭ تۇرغانلىق ئىكەنلىكىنى، چىڭ تۇرۇش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش باشتىن-ئاخىر دىئالېكتىكىلىق بىرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. [illegible]

[illegible] نەزەرىيە ھەرقانداق دەۋردە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەنقىد قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشى ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى، نۆۋەتتە نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش دەۋرنىڭ كەڭ نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىسى. ھازىر ئۆلكىمىزنىڭ نەزەرىيە خادىملىرى بۇ خىزمەتكە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندى، ئۇلار ھازىرقى ۋاقىت دەل نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغان پەيتى دەپ قاراپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى شەرھلەيدىغان، تەھلىل قىلىش ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان ياخشى ماقالە، ياخشى ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ يېزىپ، دەۋرىمىزنىڭ شانلىق بايرىقى بولغان ماركسىزمنى نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ نەزەرىيىۋى جاسارىتى ئارقىلىق قەتئىي قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. [illegible]

[illegible] بىر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە ماركسىزمغا قارشى ئىدىيىۋى ئېقىملار بىلەن كۈرەش قىلغاندا، يەنە ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، نەزەرىيە جەھەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشىمىز، مۇزاكىرە قىلىشىمىز، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى داۋامىدا كۆرۈلۋاتقان رېئال، نەزەرىيىۋى

www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئوخشاشلا نەزەرىيە قۇرۇلۇشىمىزدىكى مۇھىم مەزمۇن، ئۇنى ئەمەلىيەتتە پۇختىلىق بىلەن ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

نەزەرىيە تەتقىقاتىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك، نەزەرىيە تەتقىقاتى مەسىلىسى ماھىيەتتە ماركسىزمنىڭ جامائەت پىكرى جەبھىسىنى ئىگىلەش مەسىلىسى، ئىدىيىۋى جامائەت پىكرى جەبھىسىنى ماركسىزم ئىگىلىمىسە، بۇرژۇئا ئىدىيىسى ۋە باشقا غەيرىي پرولېتارىيات ئىدىيىلىرى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە، ماركسىزم تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشكە سەل قاراپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسى ئېغىر دەرىجىدە يامراپ كەتتى، نەتىجىدە جامائەت پىكرى جەبھىسىنى قولدىن بېرىپ قويدۇق. ماركسىزمغا قارشى بىر قىسىم كىتاب-ماقالىلەر بىزنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ماركسىزمغا قارشى بەزى كىشىلەر «سەرخىل» لەر دەپ ماختىلىدىغان بولدى، قالايمىقان پىكىرلەر ھەممىلا يەردە بولۇۋاتسىمۇ، ئۇنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلمىدى. نەزەرىيە تەتقىقاتىدا دۇچ كەلگەن بۇ خىل ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، نۆۋەتتىكى جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى، تەتقىقاتنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتا ماركسىزملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇش مەسىلىسىدۇر. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ماركسىزمنى پەقەت پۈتۈن پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكلا قوبۇل قىلماي، كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتا ماركسىزملىق تەتقىقات ئېلىپ بارمىساق، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى ئورنى مۇستەھكەم بولمايدۇ. شۇڭا كەڭ خەلق ئاممىسى ماركسىزملىق تەتقىقاتنى قوبۇل قىلىپ، ئىدىيىۋى جەھەتتىكى «پولات سېپىل» نى بەرپا قىلىشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا تىنچ ئۆزگىرىشكە ھەرقانداق سۈيىقەست ۋە ماركسىزمغا قارشى ھۇجۇملارنى توسۇپ قالالايمىز. ئىككىنچىدىن، قولدىن كەتكەن جەبھىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىشىمىز كېرەك. تەتقىقاتتىكى كۆپ خىل ۋاسىتىلار ۋە شەكىللەرنى قوللىنىپ، كاپىتالىزمنى گۈزەللەشتۈرۈپ سوتسىيالىزمنى ئىنكار قىلىدىغان، پارتىيە رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇپ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان، ماركسىزمنى تەھقىرلەيدىغان تۈرلۈك سەپسەتىلەرگە قارىتا چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك رەددىيە بېرىپ، ھەرقايسى جامائەت پىكرى جەبھىلىرىنى ماركسىزمغا پۈتۈنلەي ئىگىلەتكۈزۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، جەبھىلەرنى قۇرۇش كېرەك، گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزور ۋە مۇنبەر قاتارلىق جامائەت پىكرى جەبھىلىرىنىڭ ھەممىسى ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت زور مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، بىز تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ يۆنىلىشىنى توغرىلاپ، مەزمۇنىنى كېڭەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ماركسىزم

نەزەرىيىسى تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. جامائەت پىكرى جەبھىسى كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان جاي. ياخشى بىر گېزىت، ياخشى بىر ژۇرنال بىر ياخشى ئوقۇتقۇچىغا، بىر ياخشى مەكتەپكە ئوخشايدۇ، بىز ئۇنىڭ تەشۋىق قىلىدىغان، تەربىيە بېرىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە سىڭدۈرىدىغان ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. جەبھە قۇرۇلۇشى جەھەتتە پارتىيىمىزدە ناھايىتى ياخشى تەجرىبە-ساۋاقلار بار. «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىنى چىقىرىشنى توختىتىپ قويۇش يولداش جاۋ زىياڭنىڭ ماركسىزمدا چىڭ تۇرغان يولداشلارغا زەربە بەرگەنلىكىنىڭ، ماركسىزملىق تەشۋىقات جەبھىسىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىقىنىڭ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەنلىكىنىڭ چوڭ بىر ئىپادىسى. ئۆلكىمىزدىكى تەشۋىقات جەبھىلىرى تەشۋىقات ۋەزىپىسىنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىغا تېخى پۈتۈنلەي ماسلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بەزى سىياسىي-نەزەرىيە ژۇرناللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك گېزىت-ژۇرنال رادىئو-تېلېۋىزورلاردا نەزەرىيە سەھىپىلىرىنى ۋە نەزەرىيە تېمىسىدىكى نومۇرلارنى ئىشلەيدىغان كۈچلەرنى تولۇقلاش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرس مۇنبىرىنى ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان جەبھىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۇنى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى بازارغا سالىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. نەزەرىيە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، پەيتى كەلگەندە، نەزەرىيە تەشۋىقات خىزمىتىگە قارىتا تەكشۈرۈش-سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش لازىم.

4

لاياقەتلىك بولغان ماركسىزملىق نەزەرىيە قوشۇنى بولمىسا، ماركسىزملىق نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىپىسىنى تازا جايىدا ئورۇنلاپ كەتكىلى بولمايدۇ. نەزەرىيە قوشۇنى تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتە ۋەزىيەت تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئورگان تەسىس قىلىش، رەھبەرلىك قۇرۇلۇشى ۋە كەسپىي خادىملارنى مۇۋاپىق سەپلەش خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ياخشى ھەل قىلىشتىن باشقا، يەنە ھازىر بار بولغان نەزەرىيە قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى، نەزەرىيە ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئالدى بىلەن ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇلنى ھەقىقىي تۈردە ئىگىلىشى لازىم. نەزەرىيە خادىملىرى مەيلى ئۇ قانداق پەن بىلەن شۇغۇللانسۇن يەنىلا ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك. ھەر قانداق ئادەم مانا بۇ

ئورتاق ئاساسىي تەلەپنىڭ سىرتىدا تۇرۇشىغا بولمايدۇ: ئىككىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. بىزنىڭ نەزەرىيە خادىملىرىمىز ــ پارتىيىنىڭ نەزەرىيە خادىملىرى، ئۇلار ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن ئادەم تەربىيىلىشى كېرەك، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشى كېرەك. مانا بۇ ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرى بويىچە قانات يايدۇرۇشىنى، ئۆزلىرىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۈچىنچى، يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق بولۇش كېرەك. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «سەرخىل» لىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزئارا ماختىشىپ، «زىلزىلىگە كەلتۈرۈش ئۈنۈمى» دىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتكە ئېغىر ئىجتىمائىي ئاپەت ئېلىپ كەلدى. بىز بۇنداق ئىجتىمائىي ئاپەتنى يوقىتىپ، ذېھنىنى ساپلاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بىز پارتىيىنىڭ نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى، پائالىيەت مۇنبىرىمىزنى ۋە جېنىدىمىزنى بىزگە پارتىيە بەرگەن، بىز چوقۇم مۇشۇ مۇنبەر ۋە جېنىدىدا تۇرۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك، بىز خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك يۈكسەك پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىمىز، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

نەزەرىيە خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش ئۆزىنىڭ كەسپىي ئېھتىياجى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ۋە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇشىمىز كېرەك، ماركس، لېنىننىڭ ئەسەرلىرىنى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى؛ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇشىمىز، ئەستايىدىل ئوقۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۆزىمىزنى مۇشۇ كەسپىنىڭ بىر ئەھلىگە ئايلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، بىزدە ماركسىزمغا نىسبەتەن بىر قەدەر چوڭقۇر بىلىم ۋە ئاساس بولۇشى كېرەك؛ ئەمەلىيەتكە باغلاپ تەتقىق قىلىدىغان ئىرادە بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشتە ۋە تەدبىق قىلىشتا چوقۇم ئەمەلىيەتكە يەرلەشتۈرۈشكە، رېئاللىققا يۈزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات داۋامىدىكى رېئال مەسىلىلەرگە، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى «قىزىق نۇقتا» لار بىلەن «قىيىن نۇقتا» لارنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتكە باغلىغاندا «كاتتا ئەسەر» يازغىلى بولمايدۇ؛ رېئاللىقتىن ھالقىپ چىققاندىلا، ئاندىن «ئىلمىي ھېكمەت» ياراتقىلى

بولىدۇ، دەيدىغان بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس، بۇ پەقەت بىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىمىزنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ، نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى قىممىتىنىمۇ تۈگىتىۋېتىدۇ؛ ئۆزىنى يېڭىلاش روھىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە تارىخىدا، ھەرقانداق بىر نەزەرىيۋى سىستېما ماركسىزمغا ئوخشاش شىددەتلىك ھۇجۇمغا، قاتتىق بۇرمىلاشقا ۋە تەھقىرلەشكە ئۇچراپ باققان ئەمەس. ماركسىزم كۈرەش داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. مانا بۇ ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملىرىمىزنىڭ چوقۇم ئۆزىنى يېڭىلاش روھى بولۇش لازىملىقىنى، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشتا تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى بۆسۈپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەقىقەتنى قوغداش ۋە بىلىش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشنى بەلگىلىگەن.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىكى لاياقەتلىك بىر نەزەرىيە قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم ھالقا. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك نەزەرىيە خادىملىرىنى ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش جەريانىدا يۈرەكلىك ھالدا ئىلمىي مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشقا ۋە تۈرلۈك كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. ئىلمىي ئىزدىنىش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويسا، ئۇنى ئېيىبلىمەسلىك، ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇش كېرەك. نەزەرىيە تەتقىقاتىدا پەقەت ھەقىقەتنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ قېلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ كۈچ، ھوقۇق ۋە ئەمەلگە تايىنىپ نەزەرىيىنىڭ توغرا - خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلماسلىق كېرەك. مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا دېموكراتىيە كەيپىياتى بولغاندىلا، ئاندىن نەزەرىيە تەتقىقاتىنى جانلاندۇرغىلى ۋە ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتكىلى، ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى ۋە ئۈنۈمگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىغا جىددىي قاراپ، نەزەرىيە تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇ نەزەرىيە تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش ۋە قوزغاشتىكى ياخشى چارە، شۇنداقلا نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئەڭ كۈچلۈك قوللاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك نەزەرىيە تەتقىقاتى خادىملىرى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت مۇھىتى ۋە شارائىتى يارىتىپ بېرىشى، نەزەرىيە قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىغا دائىم كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى غەم-غۇسسىدىن خالاس قىلىشى كېرەك، ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشى، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئاساسىي

# رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى-ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ھەقىقەت

ھېزىم قاسىم

**قىسقىچە مەزمۇنى:** يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئېلىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتى ۋە نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ ئاساسىي يېتەكچىسى بولۇپ كەلگەن رېئالىستىك ئېستېتىكىنىڭ پرىنسىپلىرى ئاتالمىش «يېڭى ئىدىيىۋى پىكىر ئېقىمى» ۋە «يېڭى ئەدەبىي ئېقىم» تەرەپدارلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغان، كەمسىتىدىغان ۋە خارلايدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى رەڭگارەڭ ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىملىرى بىلەن بولغان كۈرەشلەردە ۋە كەسكىن بەس-مۇنازىرىلەر جەريانىدا يېڭىلمەس ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇنىڭدا «مەزھەپچىلىككە ئوخشاش» ماركسىزمغا يات نەرسە يوق. ئۇ، ئېلىمىز ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ يېڭى دەۋردە باشقا ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ قىممىتى بارلىكى نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، «قوبۇل قىلىش» داۋامىدا، تېخىمۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ، ئېلىمىز ئەدەبىيات-سەنئىتىدىكى باش يېتەكچىلىك ئورنىنى ھەرقانداق چاكىنا ئېقىملارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەيدۇ، ھەرقانداق باشقا بىر خىل ئېقىم ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋالالمايدۇ.

## 1

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئېچىش سىرتقا قارىتا كەڭ ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا

---

شارائىت ۋە ۋاسىتىلارغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇنداقلا نەزەرىيە خادىملىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى، خىزمەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەمەلىي نەتىجە قازانغانلارنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى كېرەك.

گەنسۇ «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.

(قەيۇم قۇربان تەرجىمىسى)

پەيدا بولغان خىلمۇ-خىل يېڭىچە ئېقىملىرى رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئالدىغا بىر قاتار مەسىلىلەرنى قويدى. بۇ مەسىلىلەر ئورگانىك دۇنيا، جۈملىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەربىر شەخسنىڭ ماھىيىتىنى قانداق ئىپادىلەش ھەمدە قانداق ئىجادىيەت مېتودىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت يۆنىلىش خاراكتېرلىك مەسىلىگە مەركەزلەشتى.

رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئورگانىك دۇنيا، جۈملىدىن ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەشتە سەنئەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىلىق خاراكتېرىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە بۆلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىكەنلىكى، يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشى لازىملىقى، سەنئەتنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلىشى لازىملىقى، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىملىقى، ئۇنىڭ بىلىش جەھەتتىكى بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئۇسۇل ئىكەنلىكى ۋە ئوبرازلىق بىلىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ رېئالىزملىق سەنئەت تارىخىدا ئاچقان شانلىق سەھىپىسى بىلەن ئومۇمىي سوتسىيالىستىك سەنئەت نەزەرىيىسىدە يېتەكچى باش رول ئېلىشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، قىممىتى بارلىكى ھەرقانداق نەزەرىيىۋى قائىدە، پرىنسىپ ۋە مېتودنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇنى قارا قويۇق قوبۇل قىلىۋەرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپمۇ كەتمەيدۇ. ئىزدىنىش ۋە قوبۇل قىلىش ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

گەرچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن غەلىتە يېڭى-ئېقىملىرى ئەنئەنىۋى رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكىسىنىڭ چىنلىق، ئەۋزەللىك، گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرى ئالدىغا ئىنسان ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ ئىپادىلىرىنى سۈرەتلەش جەھەتتە دەۋر ئەمەلىيىتى ۋە خەلق تۇرمۇشى رېئاللىقىدىن چەتلىگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئارزۇ-ئارمىنى، ئېستېتىك ئېھتىياجى ۋە تەلىپىنى ھەمدە بىلىش نۇقتىئىنەزەرىدىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن، ئىجتىمائىي ئۈنۈمدىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان تولىمۇ غەلىتە مەسىلىلەرنى قويغان، ھەتتا ئۇنى تەنقىد، مەسخىرە-مازاق قىلىپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، رېئالىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئۇنى چەتكە قاققىنى يوق، بەلكى ئۇنى ئۆزىنىڭ سەنئەت بېغىدا «بەس-بەستە ئېچىلىدىغان ھەممە گۈللەر» نىڭ بىرى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ توغرا نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

بىراق، بۇ جەرياندا بەلگىلىك بىر خىل پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر

ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەلۇم بىر خىل نەزەرىيىۋى سىستېمىسىدۇر بولغان بىر خىل غەلىتە پىكىر، ئېقىمى تەرەپدارلىرى ئورگانىزىك دۇنيا ۋە ئىنسان ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ ئىپادىسىنى سۈرەتلەش جەھەتتە، چەتتىن ئېقىپ كىرگەن: «سەنئەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى سەنئەتنىڭ ئۆزىدە»، «ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىچكى دۇنيانى يېزىش»، «ئەدەبىياتنى ئىچكى دۇنياغا بۇراش»، «چوڭقۇر قاتلاملىق ئاڭنى يېزىش»، «ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئېنېرگىيىسى ھېسسىيات»، «ھېسسىيات بولمىسا، ئەدەبىيات بولمايدۇ»، «سەنئەت رېئاللىقنىڭ قايتا گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ئەمەس»، دېگەنگە ئوخشاش غەلىتە گەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە ئۇنى رېئالىستىك ئىستېتىكا پرىنسىپلىرىنى ئومۇمىي يېتەكچى ئىددىيە قىلىدىغان ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ماۋزېدۇڭ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە كۈچەپ ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار بىر تەرەپتىن: «سۇبيېكتىپ ئاڭنىڭ ئازادلىقى»، «سۇبيېكتىپلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، «ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىغا ئولتۇرۇشى» نى ھەدەپ داۋراڭ قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، رېئالىستىك ئىستېتىكا پرىنسىپلىرىنى: «ئىنتايىن سول، قاتمال، تۇرغۇن، دوگما، بېكىنمىچىلىك»، «كىشىنى بىزار قىلىدىغان»، «ئاددىي»، «ئاسىي»، «تەشۋىقاتنىڭ مۇپەسسەل چاكىرى»، «سىنىپىي كۈرەشنىڭ چاكىنا قورالى» ۋەھاكازالار دەپ مەسخىرە قىلىشتى؛ نەزەرىيە جەھەتتە ئۇلار تەشەببۇس قىلغان: «ئۆزىنى ئىپادىلەش»، «ئۆزىنى مەركەز قىلىش»، «ئەدەبىياتنى ئۆزىگە قايتۇرۇش»، «ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى»، «ئىجتىمائىي ئۈنۈم» ۋە «مەنپەئەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق» دېگەنگە ئوخشاش غەلىتە نۇقتىئىنەزەرلەر ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۈستىقۇرۇلمىلىق خاراكتېرى، يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئىجادىيەت مېتودى، ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكى، خەلقچىللىقى، سىنىپىيلىكى ۋە مىللىيلىكى جەھەتتىكى مۇھىم ئېستېتىكىلىق پرىنسىپ ۋە قائىدىلەرگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ، رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىغىمۇ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىگىمۇ تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان بىر خىل خاتا نەزەرىيە.

ئۈشتۈمتۇت كۆتۈرۈلگەن بۇ خىل ئالا چۇقان سادالىرى ئىچىدە، رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئاتالمىش «روھشۇناس»، «سۇبيېكتشۇناس»، «ھېسسىياتشۇناس» لار، «ئىچكى دۇنياچىلار»، غەيرىي «ئىدراكچىلار» ۋە تازا ئوچىغا چىققان قوپال مېتافىزىكلارنىڭ «ئەنئەنىۋى ئاڭ»، «قېتىپ قالغان»، «بىۋاسىتە ئىنكاس» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن مەسخىرە ۋە ھۇجۇم قىلىدىغان «نىشانىسى» غا ئايلىنىپ قالدى. غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بىر بىر يورۇش ئەبجەق ماللىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان ماقالىلار ۋە ئاتالمىش «يېڭى ئەسەر» لەر ھەممىلا يەردە بازارغا چىقتىكى،

رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنى شەرھلەيدىغان ماقالە ۋە ئەسەرلەر ئېغىر بېسىمغا ئۇچرىدى، چەتكە قېقىلدى.

ئالدىنقى ئىككى يىل ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن پىلانلىق ھالدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاتالمىش «غۇلغۇلا» غەرب ئىدېئالىستىك ئېستېتىكىلىرى ۋە مېتافىزىكىلىرىنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىلىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ماللىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە كەڭ بازارغا سالىدىغان، ئاتالمىش «ليۇزەيخۇ، ليۇشاۋبو مەدەنىيەت ھادىسىسى» گە خېرىدار چاقىرىدىغان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسىۋى ئېقىمىنىڭ بۇسلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىنى بۇلغايدىغان «غۇلغۇلا» بولۇپ، بۇ «غۇلغۇلا» غا قاتناشقان شۇنچە كۆپ «غۇلغۇلىچى» لارنىڭ بىردىمۇ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشى، ياكى ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدىن ئازراقمۇ گەپ ئاچمىدى، بەلكى، ئاتالمىش «يېڭى شېئىرىيەت» ھەققىدە ھەدەپ يوپاڭ كۆتۈرۈپ، چەللىدە ئات چېپىپ، ئەمدىلا تۇغۇلغان، تېخى «كۆزى ئېچىلمىغان» بۇ «شەيئىنى» ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان «بۈركۈت» كە ئايلاندۇرۇۋالدى، رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنى قىبلىنامە قىلغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى قوپاللىق بىلەن پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. كىمكى ئۇلارنىڭ بۇ بىر يۈرۈش «نەزەرىيە» لىرىنى تەنقىد قىلسا، ئۇلارنى «سولچى»، «كونا ئەنئەنىگە يېپىشىۋالغۇچى»، «كونا قەۋرىستانلىقنىڭ شەيخى»، «يېڭى شەيئىنى بۆشۈكىدىلا بوغۇپ ئۆلتۈرگۈچى»، «ئاللانىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئەخمىقانە ئىشقا تۇتۇش قىلغۇچى»، «ئۆكتىچى»، «نادان»، «ساۋاتسىز» ۋەھاكازالار دەپ تىل - ئاھانەت قىلىشتى. ئۇلار ئىنكارچىلىقتا كلاسسىك شېئىرىيەتتىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش «يېڭى شېئىرىيەت» كىچە بولغان ئارىلىقنى «بىر بوشلۇق» دېگەن يەرگىچە بېرىپ يەتتى.

«نەزەرىيە ئىجادىيەتنىڭ كۆشەندىسى»، «بىزگە نەزەرىيە كېرەك ئەمەس»، «شەكىل كېرەك ئەمەس»، «ھەق - ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە سۈكۈت قىلىش ۋىجدانسىزلىق»، «ھاياتلىق ھوقۇقى دەۋا قىلىۋاتقان ئەدەبىيات»، «80 - يىللاردىكى ياشلار خاراكتېرىنىڭ ئىپادىسى» دېگەندەك ئوخشاش كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان، قۇرۇق ھەممىدانلىق بىلەن تولغان بۇ «غۇلغۇلا» «غۇلغۇلىچى» لارنىڭ ئۆزلىرى تەشەببۇس قىلغان بۇ بىر يۈرۈش خاتا مۇقاملىرىدا ھەممىنىڭ «پىكىردە بىردەك بولۇشى»، «بەس - بەستە سايرىشى» غا يول قويىدىكى، ئۇلار «بىردەك» پىكىر قىلغان مەسىلىلەردە باشقىلارنىڭ «بىردەك بولماسلىقى» غا يول قويمىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە پەيدا بولغان «شېئىرىيەت كاساتلىقى» دېگەن نېمىنىڭ جىنايىتىنى بىۋاسىتە ھالدا رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئۇنى «بۇزۇش» ۋە ئۇنىڭدىن بۆسۈپ ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇ جەرياندا، غەرب

پەيلاسوپ ۋە ئېستېتىكلىرىدىن سارتىر، ۋىلسون، فروئېد، ماسىرۇ، جۇڭگىلارنىڭ «ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دەپ ئاتىلىدىغان «ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى نەزەرىيىسى»، «ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ماھىيىتىنى مۇتلەق ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى»، «يوشۇرۇن ئاڭ»، «روھنى تەھلىل قىلىش تەلىماتى» دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيالىستىك «تەلىمات» لىرىنىڭ بازىرى چاپ - چاپ بولۇپ، بەكمۇ شۆھرەتلىك بولۇپ كەتتى. بىراق، رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى قارشىلىق، كەمسىتىشكە ئۇچرىدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاشلا، بىر مەھەل بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسى ئېقىمىنىڭ تەسىرىنىڭ خېلى ئېغىر دەرىجىدە ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 2

يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئىچىدە، خاھىش جەھەتتىن بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئىنتايىن خاتا شەرھلەنگەن بىر مۇھىم مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسى ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان ئاتالمىش «يېڭى پىكىر ئېقىمى» تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ «ئېقىم» نىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇنىڭ مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، رېئالىزملىق ئېستېتىكا سەھنىسىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا ئەمەلىيەتكە قىلچىمۇ ئۇيغۇن بولمىغان ئىنتايىن خاتا ۋە بىر تەرەپلىمىلىك كۆپتۈرمىچىلىك بىلەن تولغان ساختا پىكىرلەردۇر. بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ غەلىتە سۆز - چۆچەكلەردە بۇ خىل پىكىر ئېقىملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھېچقانداق رېئال پاكىت ۋە ئەمەلىيەت ھەقىقەتلىكىگە ئىگە بولمىغان «تالانت» دەپ ئاتالغان بىرقانچە شەخسنىڭ «ئىختىراچى» لىقىغا، ئاتالمىش «ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي تەپەككۇر پرىنسىپلىرى» غا، زامانىۋىلاشتۇرۇش تەشەببۇسى ئېلىپ كەلگەن «ماددىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى» غا، «كىشىلەرنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېستېتىك زوق، ئىرادە، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى» گە باغلاپ قويۇلغان، رېئالىزملىق ئېستېتىكا نەزەرىيىسىدە نورمال سەنئەت ھادىسىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدىغان «ۋەزخور، قەسەمچىلىك، دۇئاگويلۇق» نىڭ ئەدەبىياتنى «قاپلاپ كەتكەن» لىكى ۋە ئۇنىڭدىن «خەلق» نىڭ پۈتۈنلەي «بىزارلىشىپ كەتكەن» لىكىگە، «ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ ئۆلۈمگە يۈز تۇتقانلىقى» غا باغلاپ قويۇلغان پىكىرلەرمۇ بېسىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «بۇ پىكىر ئېقىملىرى ھېچقانداق ئېقىمغا تەۋە ئەمەس، ئېقىمنى يۈرەك يارىتىدۇ، ئېقىمنى دوراش ئىجادىيەت ئەمەس» دېگەنگە ئوخشاش بىباھا «مەردانە» گەپلەر بۇ خىل سۆز - چۆچەكلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ماللاردۇر.

بۇ خىل پىكىر ئېقىملىرىنى راستىنلا «ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىن ئادا - جۇدا

بولغان»، ئۇنىڭ بىلەن «ئارىنى ئوچۇق قىلغان» بىرقانچە «تالانت» لار «ئىقتىدار» قىلغانمۇ؟ ياق. بۇ خىل يېڭى ئېقىملىرى 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە غەربنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسىغا ئەگىشىپ، ئاۋال خەنزۇ ئەدەبىياتىغا، ئاندىن خەنزۇ ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىرگەن غەرب بۇرژۇئا ئېستېتىكىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ، ھېچقاچان ئۆزىچىلا ئۇنۇپ چىققان، ياكى بىرقانچە «تالانت» «ئىقتىدار» قىلغان ۋە ياكى «كىشىلەرنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېستېتىك زوق، ئىرادە، ئارزۇ - ھەۋىسىنىڭ» تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن نەرسە ئەمەس. ئەمدى بۇ خىل يېڭى ئېقىمى ۋە بۇ خىل يېڭى ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئاتالمىش «يېڭى شېئرىيەت» نىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇلار قانداقتۇر «ھېچقانداق ئېقىمغا تەۋە بولمىغان» «يېڭى ئېقىمى» ۋە «يېڭى شېئرىيەت» بولماستىن، بەلكى ئۇ خەنزۇ ئەدەبىياتى ئارقىلىق سىڭىپ كىرگەن غەرب مودېرنىزمى ئېقىمىغا تەۋە بولغان «يېڭى ئېقىمى» ۋە «يېڭى شېئرىيەت» تۇر.

مۇبادا بۇ خىل ئەدەبىي ئېقىم مەسىلىسىدە، ئۇنىڭ ۋاستىلىق ھالدا قوبۇل قىلىنغان ئېقىم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىت ئېتىراپ قىلىنمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، تاۋارلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قانداقتۇر ئەدەبىيات - سەنئەت يېڭى ئېقىملىرىنى، ياكى ئەدەبىي ئېقىملارنى پەيدا قىلالمايدۇ، دېيىدىغان ئىنتايىن خاتا «نەزەرىيىۋى» سەپسەتىچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئۆزگىرىش ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىمى، ياكى ھەرقانداق سەنئەت ئېقىمىنى ھاسىل قىلالمايدۇ.

غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى، بەلكى تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدا بولغان ۋە ئۆتكۈرلەشكەن مونوپولىيە بىلەن؛ ئىجتىمائىيلاشقان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن؛ خۇسۇسىي كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچىغا چىققان زىددىيەتلەر بىلەن؛ كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەر بىلەن ھەممە مۇشۇنداق زىددىيەتلەر پەيدا قىلغان كەڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي بوھران ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بوھران بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان مودېرنىزم ئەدەبىي ئېقىمىنى قانداقمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن، ياكى ئىشلەپچىقىرىشنى تاۋارلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە كېلىپ چىققان ئاتالمىش «ئۆتكۈر قارىمۇ قارشىلىق»

www.uyghurkitap.com

ۋە «بۆھران» «نەزەرىيىسى» بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولسۇن؟

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ھەرقانداق بىر ئىدىيىۋى ئېقىم ياكى سەنئەت ئېقىمىغا باھا بېرىش مەسىلىسى ھەرگىز شۇ بىر «ئېقىم» غا يەككە-يىگانە باھا بېرىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى بىر دەۋرگە باھا بېرىش مەسىلىسىدۇر. دەۋرگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئاڭ ياكى ئېقىملارنى ئاساس قىلىپ باھا بېرىشكە بولمايدۇ. دەۋرگە باھا بېرىشتىكى ماتېرىيالىستىك ئۇسۇل شۇكى، شۇ دەۋردە يۈز بەرگەن ماددىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن زىددىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان زىددىيەت ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى توغرا چۈشىنىش ئاساسىدا باھا بېرىش ئەڭ ئىلمىي، توغرا، ھەقىقىي ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل قانداقلىكى ئىجتىمائىي شەكىل، ئاڭ ياكى ئىدىيىۋى ئېقىم بولمىسۇن، ئۆزىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ماددىي شەرت-شارائىتلار ئۆزى مەيدانغا كېلىدىغان جەمئىيەتنىڭ قوينىدا پىشىپ يېتىلمىگىچە ھەرگىز پەيدا بولمايدۇ ۋە ئۆزلۈكىدىن يوقالمايدۇ، دەپ قەيت قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان بۇ خىل غەلىتە يېڭى ئېقىملارنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى شارائىتىدىكى «ماددىي شەرت-شارائىت» نەزەرىيىسى ئارقىلىق ھەرگىز چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، ھەتتا خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئەينى شارائىتتىن ئالغاندا، غەرب كاپىتالىزمىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىدا گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى زىددىيەت ۋە بۆھرانلىرى تۇغۇلمىغان بولسا، مودېرنىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى ۋە مودېرنىزمچى سەنئەتكارلارنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ۋەھالەنكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا بۇ خىل بۆھران ۋە ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇن-تۈزۈملىرى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ھەرقانداق قارىمۇ-قارشىلىق ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەل بولماي دۆۋىلىنىپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى، ئۆزئارا تەسىرى نۇقتىسىدىن كۆزىتىشتىن ئىبارەت تارىخىي نۇقتىئىنەزەر سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىردىنبىر توغرا ئۇسۇل بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەر خىل مەسىلىلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىشنىڭ كاپالىتى. بۇ خىل شارائىتتا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇئەييەن ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇناسىۋەتلەردىلا بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت كىشىلەر

ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىچىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ تۈزۈلمىدە پەيدا بولىدىغان ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە ئىدېئولوگىيە شەكىللىرى بۇ مۇناسىۋەت دائىرىسىدىن زادىلا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ مۇناسىۋەت دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىنى بەلگىلەيدىغان ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولۇشى لازىم. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتى كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتىدە تۈپلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن ئەھۋالدا، ئەسلىدىكى ئاڭ ۋە ئىدېيىۋى ئېقىملاردا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان غەلىتە ئىدېيىۋى ئېقىملارنىڭ مەنبەسىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە چېتىپ قويۇش پۈتۈنلەي خاتا.

بۇ خىل پىكىر ئېقىملىرىنىڭ «ئەجەلگە يۈز تۇتقان» ئۇيغۇر «ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتى زېمىنىدىن ئۆسۈپ چىققان» لىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇمۇ بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان، ماتېرىيالىستىك تارىخ قارىشى نۇقتىئىنەزىرىگىمۇ تۈپتىن خىلاپ بولغان، ئىلمىيلىكى يوق قوپال مېتافىزىكىلىق خاتا «نەزەرىيە».

بىز يۇقىرىدا، كىشىلەرنىڭ ئېڭى كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭى، ئىدېئولوگىيىسىنى، سىياسىي، ئىلىم - پەن، سەنئەت، قانۇن ۋەھاكازالارنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. شۇنداق ئىكەن، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خاراكتېرىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، رېئالىستىك ئېستېتىكىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى ئۆز قىبلىنامىسى قىلغان ھەرقانداق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ «ئەجەلگە يۈز تۇتۇشى» ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئىجادىيەت مېتودىنىڭ «ئەجەلگە يۈز تۇتۇشى» ئۈچۈن، شۇ مېتودنىڭ بازىسى بولغان ئىقتىسادىي بازىس ئالدى بىلەن «ئەجەلگە يۈز تۇتۇشى» لازىم. ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

ئىجادىيەت مېتودى ئۇلار دەپ يۈرگەندەك ئۇنداق سىرلىق دۇنيا ئەمەس. ئۇ پەقەت بىر خىل تەپەككۇر شەكلىدىنلا ئىبارەت. ئۇ، تەپەككۇرنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئۆلچەملىك قائىدىلەرگە بويسۇنۇش بىلەن بىللە، سەنئەتكارلارنىمۇ ئۆزى بويسۇنغان بۇ ئۆلچەملىك قائىدىلەرگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئىجرا قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى قانداقتۇر سىياسەتنى بەلگىلىگۈچىلەر تەرىپىدىن سەنئەتكارلارغا مەجبۇرى تېڭىپ قويۇلغان بىر خىل نەزەرىيە بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ كېينىدا ئەزەلدىن بار بولغان ئېستېتىك سەنئەت ئامىللىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئۇ نوقۇل

ھالدا سىياسەت، ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان سەنئەت نەزەرىيىسى ئەمەس. ئۇ شۇنداق بىر خىل سەنئەت نەزەرىيىسىكى، ئىنسان ئۆز مەۋجۇدىيىتى بىلەن رول ئوينايدىغان مۇرەككەپ تارىخىي جەريان ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە، ئادەم روھىي دۇنياسىنىڭ مول، چوڭقۇر ۋە قاتلاملىقى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ئالەمنى بەدىئىي ئىپادىلەشكە، خەلق ئاممىسى يارىتىۋاتقان تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بەدىئىيلىك نۇرلىرى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە مەدھىيىلەشكە، تارىخنىڭ بارلىق ئەخلەت - چاۋارلىرىنى بەدىئىي ھالدا ئېچىپ تاشلاپ، خەلق ئىشلىرىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى بەدىئىي ئىپادىلەشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. تىما، ۋاقىت، ئۇسلۇبلارنىڭ رەڭدارلىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە باشقىلار. بۇلار رېئاللىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان سەنئەت سېستىمىسى بولۇپ، ئۇ بۈگۈنلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى نەزەرىيە ئەمەس. رېئاللىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىدۇ، بېيىيدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. ئۇنىڭ «يېڭى يەكۈن ئېقىمى» تەرەپدارلىرى ئېيتقاندەك «ئەجەلگە يۈز تۇتۇشى» ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

تارىخىي تەجرىبىلەر رېئاللىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ باشقا رەڭگا - رەڭ ئىجادىيەت مېتودلىرى بىلەن بولغان ئىدىيىۋى كۆرەش ۋە رىقابەت ئىچىدە تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىنى، باشقا ئىجادىيەت مېتودلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش داۋامىدا تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. كىشىلەرنىڭ تىل - ئاھانەت، پەند - نەسىھەت، «ۋەدىنامە، قەسەم، دۇئاگۇيلۇق يېزىلغان» ئاتالمىش «شېئىر» لاردىن «زېرىككەن» لىكى، قانداقتۇر رېئاللىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ جىنايىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇشۇنداق «شېئىر» لارنى كۆپلەپ يېزىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى سەھنىسىنى پاخاللاشتۇرۇۋاتقان ئاتالمىش «شائىر» لارنىڭ رېئاللىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تېخىچە ئاڭقىرالمايۋاتقانلىقى، رېئاللىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان قاتتىق بەدىئىي ئۆلچەملىرىنىڭ ئورنىغا ئەشۇنداق قىرىندىلارنى، شالاكىلارنى ۋە ئەخلەتلەرنى دەسسىتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى مەسىلىسىدۇر. بۇ خىل چۆكمىلەرنى ھېچكىم «سەنئەت» دەپ تىلغا ئېلىپ قويمىسىمۇ يوق، بىراق، بۇ خىل لاتقىلارنى ئالاھىدە بەتتىۋارلاپ تىلغا ئالغان ۋە قاملاشمىغىنىمۇ مەدھىيىلەپ بازارغا سالغانلار دەل نۆۋەتتە «ۋەدىنامە، قەسەمخورلۇق، دۇئاگۇيلۇق» قا قارشى تۇرۇۋاتقان ئاتالمىش «تەنقىدچى» لەرنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلار گېپى - گەپكە ئوخشىمايدىغان بەزى قاپىيىسىكە ئاشلىرىنى «تالانتلىق شائىر» دەپ؛ ئۇلارنىڭ دەبدەبىلىك بىمەنە قۇرۇق گەپلەردىن تۈزۈلگەن، ئارخائىزم بولۇپ كەتكەن سۆزلەرنى يىغىشتۇرۇپ يېزىپ چىققان پاكى ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ، تېتىقسىز گەپ

ياساپ، يوقىلاڭ «پىكىر» لەرنى ئىپادىلىگەن «شېئىر» لىرىنى «نادىر ئەسەر» دەپ گۆپپاڭ ئەتكەنىدى. «ئەجەللىگە يۈز تۇتقان شېئىرىيەت» دېيىشكە توغرا كەلسە دەل مانا مۇشۇ نەرسىلەرنى دېيىش كېرەك.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تارىخىغا نەزەر سالىدىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىغا سادىق بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىراق بۇ مېتودنىڭ «ئەجەللىگە يۈز تۇتقان» ھېچنېمىسى يوق. ۋەھالەنكى، بۇ مېتودنىڭ قاتتىق بەدىئىي پرىنسىپلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلغانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆز بىرنېمىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەجەللىگە يۈز تۇتتى، سەپتىن چۈشۈپ قالدى ياكى قالماقتا. بۇ مېتودنىڭ بەدىئىي پرىنسىپلىرىنى قىبلىنامە قىلغانلار ئۆز ئەمگەك مېتودلىرى بىلەن سەنئەت تارىخىدا ياشاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ سەنئەت تارىخى مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدۇر. سەنئەت تارىخىنىڭ «ئەجەللىگە يۈز تۇتقانلىقى» — مىللەتنىڭ ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەجەللىگە يۈز تۇتقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھازىرقى دەۋردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ھازىرقى زامان سەنئىتىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى يېتەكچى ئېقىملىقىدىن چۈشۈپ قالغىنى يوق، ئۇ ئۆزىنىڭ باش يېتەكچىلىك ئورنىنى باشقا ئېقىملارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگىنىمۇ يوق. باشقا ھەرقانداق بىر ئېقىمنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋالالمايدىغانلىقىنىمۇ تارىخ ئىسپاتلىغان. بۇ مېتودتا مەزھەپچىلىككە ئوخشاش غەلىتە نەرسە يوق. ئۇ مەيلى ئوبراز يارىتىش، مەيلى مەنىۋى دۇنيانى ئىپادىلەش جەھەتتە بولسۇن، پايدىلىنىشقا بولغان ھەرقانداق ئېقىمنىڭ ھەرقانداق ئۇسۇل، تېخنىكىسى ۋە ماھارىتىنى ئۆزىنىڭ بىر ھۈجەيرىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ، چەتكە قاقمايدۇ.

بۇ مېتودنى قىبلىنامە قىلغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ ھەقىقىي شائىرلىق تالانت ئىقتىدارىغا ئىگە شائىرلار كۆپ بولمىسىمۇ، ئازمۇ ئەمەس. ھەقىقىي شېئىرىيەت بەك كۆپ بولمىسىمۇ، بەك ئاز ئەمەس. نۆۋەتتە، ئاتالمىش «يېڭى پىكىر ئېقىمى» تەرەپدارلىرى بۇ خىل شېئىرىيەت ئالدىغا ئۆزىچە بەزى مەسىلىلەرنى قويغان بولسىمۇ، (گەرچە بۇ مەسىلىلەر ھېچقانداق يېڭى مەسىلە بولمىسىمۇ) ئۇمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قوبۇل قىلغىلى بولىدىغانلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ. شۇڭا، چەتتىن كىرگەن بەزى ئېقىملارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىشىپلا، بىلمەستىنمۇ بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، «چوڭقۇر» ئىكەن دېيىشسۇن دەپ غەلىتە، چۈشىنىكسىز، گەپسىماچاق ئىبارىلەر بىلەن رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكىسىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋېتىشكە، بىرى ئارقىلىق بىرىنى «يوقىتىۋېتىش»، تەنھا «يۇرت-قازىسى» بولىۋېلىشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك.

## 3

رېئاللىستىك ئېستېتىكىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئۆسۈپ چىققان، ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئىچكى كېلىشتۈرگىلىق مۇناسىۋىتىدىمۇ بولمىغان مودېرنىزملىق ئىدىيىۋى ئېقىمى تېخى ئەنئەنىۋى ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ «نەم تۇپرىقى» غا كۆمۈلمىگەن ۋە مەڭگۈ كۆمۈلمەيدىغان مۇئەللەقتىكى بىر «ئۇندۇرمە». بىر مەزگىللىك «قىزىپ كېتىش كېسەللىكى» نىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى پەلسەپىۋى ئاساسى پۈتۈنلەي ئىدېئالىزم بولغان بۇ «ئۇندۇرمە» نىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا بولغان رېئاللىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئېستېتىك ھەۋىسى، زوق - ئىشتىياقى، دەۋر - مۇددىئاسى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ بەدىئىي تېخنىكا جەھەتتىكى قىسمەن ئارتۇقچىلىقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە بولغان ھەممە نەرسىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. شۇڭا، بۇ «ئۇندۇرمە» توغرىسىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھەرقانداق خامخىياللاردا بولۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئەمما، شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، 1884 - يىللىرى دۇنياغا كەلگەن مودېرنىزملىق ئىدىيىۋى ئېقىمى يۈز يىللاردىن بۇيان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ساپ ۋە ساغلاملىقنى قاتتىق تەلەپ قىلىدىغان، بولۇپمۇ غەربنىڭ ھەر خىل غەيرىي ئىدېئولوگىيىلىك پىكىر ئېقىملىرىغا تولىمۇ سەزگۈر بولغان (1920 — 1950 - يىللارغىچە) سوۋېت ئەدەبىياتىغىمۇ كۈچلۈك ھالدا سىڭىپ كىردى. ۋەتەن ئۇرۇشىغىچە بولغان 20 يىلدا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ 20 يىلدا بىر قىسىم ئەدىبلەر مودېرنىزمچە ئىدىيىگە ئايلىنىپ كەتتى ۋە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازدى. سوۋېت يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 1987 - يىلى چاقىرىلغان مودېرنىيەت ئەزالىرى يىغىنىدىمۇ غەرب «ئاممىباپ مەدەنىيىتى» ۋە ئۇنىڭ تەسىرى مەسىلىسى ئالاھىدە مۇزاكىرە قىلىندى. دېمەك، 1920 - يىللىرى سوۋېت ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىرگەن غەرب مودېرنىزم ئەدەبىي ئېقىمى 70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز تەسىرىنىمۇ يوقاتمىغان.

غەرب مودېرنىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىرگەن ۋاقتى سوۋېت ئەدەبىياتىدىكىدىن 60 يىللار كېيىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ «سىڭىپ كىرگەن» لىكى ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان پاكىت. بىراق، گەپ ئۇنىڭغا قانداق قاراش ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا. مودېرنىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە

بالدۇرراق ئۇچرىغان، بۇ ئېقىم بويىچە بەزى «ئەسەر» لەرنى يازغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ «ئەسەر» لەرنى تولىمۇ سۆيۈپ، ئىشەنچىسىز ۋە گادىرماچ «نەزەرىيىلەر» بىلەن تەمىنلىگەن بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئېقىمغا «زادىلا تەۋە ئەمەسلىكى» نى، «ھەرقانداق چاكىنا ئېقىملارغا قارشى تۇرىدىغان» لىقىنى، «ئېقىم، ئۇسلۇب دېگەنلەرنى يۈرەك يارىتىدۇ» غانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلار غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە يۈزلىنىشى بولۇشتىن ئاللىقاچان قېپقالغان، خارابلىشىۋاتقان بۇ ئېقىمنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى ئاساسلىرىنى رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئوچىقىدا ئېرىتىپ تاۋلاپ، يېڭىلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلماي، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە ھەممە نەرسىسىنى ئېقىتماي - تېمىتماي كۆچۈرۈپ كېلىپ دورامچىلىق قىلدى. روھ بىرلەمچىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان، باشقا بىر خىل ئىدېئولوگىيىلىك زېمىندا بارلىققا كەلگەن بۇ ئەدەبىيات ھادىسىسىنى ماددا بىرلەمچىلىكى بارلىق نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنىڭ ئاساسى بولغان باشقا بىر خىل ئىدېئولوگىيىلىك زېمىنغا ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ، «مېۋە» لەتمەكچى بولدى. نەتىجىدە، مودېرنىزمنىڭ ئىككى مەنبەلىكىنى ئاساسىي ئېستېتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر قىلغان ئىپادىچىلىك، مەۋجۇدىيەتچىلىك، رېئاللىزمىدىن تاشقىرىلىق، مەنتىقىي دەللىچىلىك، ھادىسىشۇناسلىق قاتارلىق سەنئەت پىكىر ئېقىملىرىدىكى ئىنتايىن پايدىسىز شاكاللار ئوخشىمىغان دەرىجىدە قارا قويۇق قوبۇل قىلىنىپ، ئەنئەنىۋى رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىغا تىغمۇ - تىغ قارشى قويۇلدى. «شېئىرىيەتتىكى دۇنيا ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە مەنسۇپ بولغان تەسەۋۋۇردىكى دۇنيا»، «تەسەۋۋۇردىكى رېئاللىق»، «شېئىرىيەت زامان جەھەتتە كەلگۈسىگە مەنسۇپ»، «سەنئەتنىڭ مەقسىتى سەنئەتنى ئۆزىگە قايتۇرۇش»، «يوشۇرۇن ئاڭنى قېزىش»، «روھ بىلەن تەننىڭ توقۇنۇشى مەڭگۈلۈك تېما» دېگەنگە ئوخشاش ئېقىپ يۈرگەن غەلىتە پىكىر ئېقىملىرى مودېرنىزمچىلارنىڭ «ئۆزىنى مەركەز قىلىش»، «ئىجتىمائىيلىقتىن خالىلىق»، «تارىختىن، ئەنئەنىدىن تاشقىرىلىق»، «غەيرىي ئەقلىي ئېقىندارچىلىق» قاتارلىق غەلىتە ئېستېتىكىلىق قائىدىلەشتۈرۈلگەن نەزەرىيىۋى سىستېمىسى تەركىبىدىكى چۈشەنچىلەردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ.

بۇ خىل غەلىتە «نەزەرىيە» لەر يېتەكچىلىكىدە يېزىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بارلىققا كەلگەن خېلى زور بىر قىسىم «شېئىر» لاردا نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىچىدە جان پىدالىق بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسى يېزىلمىدى. خەلق تۇرمۇشى رېئاللىقى، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېستېتىك ھەۋىسى، زوق - ئىشتىياقى، ئارزۇ - ئارمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇپ، ئۇششاق - چۈششەك شەخسلەرنىڭ بىمەنە، تېتىقسىز «چوكچۇر قاتلاملىق ئېڭى»، چاكىنا خامخىيالى، بىئاراملىقى ۋە

قۇرۇقتىن - قۇرۇق ھېسسىياتنى تازا قەدىرلەيدى. خەلق ئاممىسى بىردەك دىققەت قىلىۋاتقان، ئورتاق كۆڭۈل بۆلىۋاتقان، دەرھال تۈگىتىش ياكى كەڭ جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ئۇلار تەشەببۇس قىلغان «ئارىلاشما سەزگۈ»، «ئادەمنىڭ تېنىدىكى شېئىر»، «كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە پەيدا بولىدىغان تەسىرات»، «ئۆزگىرىش ئۈستىدىكى ئۆزىدىكى مەن» دېگەنگە ئوخشاش غەلىتە گەپلەرنىڭ ئالدىدا ئېتىبارسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئېچىمۇ گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان «ئەسەر» لەرنىڭ خېلى زور بىر قىسمىدا شەھۋانىلىق، غەلىتە ھاۋايى - ھەۋەسلەر تولىمۇ كۆچەپ تەرغىب قىلىنغان بولۇپ، خۇددى ھاياتلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى كېسەللىك بولغىنىدەك، بۇ خىل شەھۋانىلىق ھەر بىر «ئەسەر» نىڭ «ئەسەر» بولۇپ مەيدانغا چىقىشىدىكى زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى قىلىۋېلىنغان، جىنسىي ئىقتىدار ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەرىجىسىگە يەتكۈزۈلگەن. ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات، ھەرىكەت، سۆز تەسۋىرلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر شۇ دەرىجىدە ئاشكارىلانغا قاراپ يۈزلەنگەنكى، ئۇنىڭدا مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى دەۋر تەلىپى تەقەززاسىدىكى بارلىق مىللىي ئەخلاق ئۆلچەملىرى دەپسەندە قىلىۋېتىلگەن. بۇ، مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى پېشۋاسى بولغان زىگمۇند فرېيدنىڭ روھىي تەھلىل تەلىماتىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدىغان جىنسىي ئىقتىدار مەسىلىسىدىكى ئىدېئالىستىك قائىدىلەرنىڭ ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلىنىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

فرېيدنىڭ روھىي تەھلىل تەلىماتىنىڭ نېگىزى روھ بىرلەمچىلىكى ئاساسىدىكى ئىدېئالىستىك نەزەرىيىۋى سىستېما بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيىسىدە ئادەم روھىنىڭ ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلەيدىغانلىقى، ئادەم ئاڭسىزلىقىنىڭ ئادەمنىڭ پۈتۈن روھىي تۈزۈمىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى، ئاڭسىزلىقنىڭ يادروسى ئادەمدىكى تۇغما ئىقتىدارى بولغان جىنسىي ھەۋەس ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. فرېيد مۇشۇ نەزەرىيىسى بويىچە، ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ پسىخولوگىيىسىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ پسىخولوگىيە جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى جەمئىيەت ئەخلاقى، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ھەربىر مۇئەييەن شەخسنىڭ ئۆز خۇسۇسىي ئەخلاقىي كۆز قارىشىنىڭ چەكلىمىسى، بېسىمى، ئەركىن بولالماسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان جىنسىي ھەۋەسكە باغلاپ قويىدۇ. ئىنسان خاراكتېرى جىنسىي ھەۋەس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ قارايدىغان بۇ خىل ئىدېئالىستىك تەلىمات مودېرنىزمچىلارنىڭ ئەنگۈشتىرى بولۇپ، مۇبادا بۇ خىل «تەلىمات» رېئالىستىك ئېستېتىكىنىڭ بىر پرىنسىپى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، خاراكتېر يارىتىشتىلا ئەمەس مۇقەررەر ۋەزىپە دەپ بىلىدىغان سوتسىيالىستىك

رېئالىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىمىز جىنسىي ئىقتىدار، جىنسىي ھاۋايى ـ ھەۋەسنى قىزىش ئارقىلىق خاراكتېر يارىتىشقا بېرىلىپ كەتكەن، ھەممىلا يەردە شەھۋانىيلىق يامراپ كەتكەن چۈشكۈن ئەدەبىيات بولۇپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل مىللىي ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىگە، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەلىپىگە تۈپتىن زىت بولغان مۇنداق خۇنۈك ئەدەبىياتنى ھەرگىزمۇ ياقتۇرمايدۇ.

بۇلىڭدىكى باشقا، دەللىكى بولمىغان، قانداق ۋە نېمە ئىش توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدىغان، ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئادىتى بويىچە «نېمە دېيىلگەن» لىكىنى سۈرۈشتە قىلماي، بەلكى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىسى ۋە خىلمۇ ـ خىل ھادىسە ئىزنالىرى «كۆلەڭگۈسى» گە ئەگىشىپ، «نېمە دېيىلگەن» لىكى ۋە ئاپتورنىڭ «نېمە دېمەكچى بولغان» لىقىنى ئىدرەك قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان، تۇرمۇش چىنلىقىغا ئىگە بولمىغان ئىنتايىن شەخسىلەرنىڭ ئاڭ ھادىسىلىرى بولغان ئەسلىنىش پسىخولوگىيىسى، قۇرۇق خىيال ـ ئارزۇسى، چۈشى قاتارلىق ئۇلانما جەريانلار يېزىلغان ئەسەرلەردىكى تىلسىماتلاشتۇرۇلغان چۈشىنىكسىزلىك، سىرلىقلاشتۇرۇلغان قۇرۇقلۇق ۋە لاۋزىلىق ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن ھەمدە نۆۋەتتە كىشىلەر جىددىي دىققەت قىلىدىغان سەزگۈر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە چوڭقۇر ھاڭ پەيدا قىلىپ قويىدى. مۇنداق «ئەسەر» لەردىكى گەۋدىلىك بىر خاھىش شۇكى، بۇ خىل ئەسەرلەر ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە روبىرو تۇرۇپ تېگەلمىگەن، ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ئەخلاقتا يات ھادىسىلەر ئاشكارا، ئۇدۇل، قاتتىق ئېچىپ تاشلانمىغان. ياكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئىچىدە ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىدا مول ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئىرادە، ئېتىقاد، مەقسەت ئېرىكسىزلىكىگە ئېرىشكەن خەلقىمىزنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن، بەدىئىي مۇئەييەنلىككە ئىگە قىلىنمىغان. ئۇلاردا يېزىلغىنى ھازىرقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتىن رازى ـ قانائەت ھاسىل قىلالمايدىغان، نۆۋەتتىكى رېئال ئاساسنى زىددىيەت ۋە ئىنىق مەسىلىلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىغا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۇنى نەزەرگە ئالمايدىغان ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم كىشىلەردىكى پەقەت كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىلا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان، ئەمگەكچى بىلەن ئەمگەك مەھسۇلاتى ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىشتىن پەيدا بولىدىغان جاھاندىن بىزار بولۇش، سەۋدالىق، ياتسىراش، يېتىمسىلىك، ئۈمىدسىزلىك، ئىنسانىيەت زىتلىقى، ئارامسىزلىق، ئىچ پۇشۇقى، جىنسىي بەڭباشلىق، روھىي تېنەتتىلىق، خورلىنىش، ئىشەنچسىزلىك

قاتارلىق خۇنۇك ھادىسىلەردۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى جەھەتلەردىن ساغلام بولمىغان نەرسىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

چۈشىنىش كېرەككى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، ئەمگەكچى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات ئەمگەكچىگە تەئەللۇق بولماي قالىدىغان، ھەتتا ئۇ ياتلاشقان نەرسە سۈپىتىدە ئەمگەكچىگە زىت نەرسە بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئەمگەكچىلەر مەلۇم بىر شەخس ئۈچۈن بايلىق، قىممەت يارىتىپ، ئۆزى ئۈچۈن گادايلىق، غېرىپ - غۇرۋالىق يارىتىپ بېرىدىغان، ئەمگەكچىنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى ئۆزىنى باپلايدىغان دۈشمەنلىك پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالىدىغان ئەھۋال تېخىمۇ بولمايدۇ. مىللىي، دىنىي، ئىرقىي مۇناسىۋەت جەھەتلەردىن ئالغاندا، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، بۇ جەھەتتىكى مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە دۆۋىلىنىپ، كىرىزىس ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشى، كىشىلەرنى چېكىدىن چاق تويغۇزۇۋېتىدىغان دەرىجىدە كەسكىنلىشىپ كېتىشى، كىشىلەردە ئۈمىدسىزلىك، بىئاراملىق، قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئازاب، خورلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بىزنىڭ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت. گەرچە، بىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولساقمۇ، پۇل كاپىتالغا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تاۋارغا ئايلانغان، ياكى ئايلىنىۋاتقان ۋەزىيەتنى كۆرگىنىمىز يوق. سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەرگىز يول قويمايدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى ئاستىدا مەيدانغا چىققان ھەرقانداق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى توغرا، ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرمەكتە، ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش كۈرىشىنى پايدىلىق شەرت - شارائىت ۋە زېمىن بىلەن تەمىنلىمەكتە، كىشىلەرنىڭ سۆز ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكى كەڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ قوغدىشى، كاپالىتىگە ئىگە. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ قانداقمۇ ئاشكارا ئېيتالمايدىغان گېپىمىز، قىلالمايدىغان ئىشىمىز بولسۇن؟ نېمە ئۈچۈن بىز يىگانىلىق، يېتىملىك، گاڭگىراش، ئىجتىمائىيلىقتىن خالىيلىق، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىسىزلىق، ئۆزئارا زىتلىق، دۈشمەنلىك، ۋەھىيانە جاھانسازلىق، ئۆزئارا چۈشىنىشەلمەسلىك؛ رىۋايەت ۋە بىمەنا مۇھىتپەرەستلىك خاھىشلىرىنى تەشەببۇس قىلىمىز ۋە شۇنداق «ئەسەر» لەرنى يېزىشقا مەجبۇر بولىمىز؟

4

يېقىنقى ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى

ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىيىتى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىش جەھەتتە، غايەت زور يېتەكچىلىك كۈچىنى كۆرسەتتى. ئومۇمىي خەلق كەيپىياتىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقتا بولغان تونۇشى چوڭقۇر، ئىشەنچىسى بەكمۇ مۇستەھكەم. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن نورماللىق ھېس قىلىۋاتقان، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي كۆڭۈل ئازادىلىقى ۋە ئارامبەخش ئالىمىنى چۈشەكرەۋاتقان، قوشلۇق كۆيۈكىنى چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئىشلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر ئوچۇم كىشىلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ساغلام بولمىغان ناتوغرا ئەدەبىي پائالىيەتنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي ھەسسە قوشالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئۇلار مودېرنىزم پىكىر ئېقىمىنى قوبۇل قىلىش «بەيگىسى» دە قىزىپ كەتكەن مېڭىسىنى بىر ئاز سوۋۇتۇپ، رېئالىزملىق ئىستېتىكا پرىنسىپلىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئاز - تولا تەڭشەش ئېلىپ بارالىسا، يەنىلا ئۇنۇملۇك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ.

بىراق، بۇ، رېئالىستىك ئىستېتىكا پرىنسىپى مودېرنىزملىق پىكىر ئېقىملىرىنى چەتكە قاقىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. رېئالىستىك ئىستېتىكا پرىنسىپى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا بەرپا قىلىنغان پرىنسىپ ئىكەن، ئۇ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بېيىتىش ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئېقىمنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق پايدىلىق تەرەپلىرى بولىدىكەن، ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىشنى ھەرگىزمۇ چەتكە قاقمايدۇ. ئەمما، ئۇ ئالغان ھەرقانداق بىر «ئۈلگە» نى ئۆزىنىڭ ئىستېتىك پرىنسىپلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالمايدۇ.

مۇبادا بىز مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسۋىرلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئازغىنە ئارتۇقچىلىقلىرىنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتە، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇشقا قاراش، سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراش ۋە ئىستېتىكىلىق قاراش جەھەتتە سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق، شەخسىيەتچىلىك، نىگىلىزملىق، ئانارخىزملىق ۋە غەلىتە ئەقىدىچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان، رېئالىزملىق بىلەن كارى بولمايدىغان ۋە ئۇنى بۇرمىلايدىغان، كىشىلەرگە بىرەر ئىستىقبال يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغان، ئۇششاق - چۈششەك ئوبرازلارنىڭ ئۇششاق - چۈششەك غەلىتە ھېسسىياتى، ئوي - خىيال دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان، شەخسنىڭ قىممىتىنىلا ئەڭ ئالىي قىممەت ھېسابلايدىغان، ئەنئەنىگە، ئىدراكقا قارشى تۇرىدىغان، ئۆزەكچىلىكنى مەقسەت ۋە مەركەز قىلىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆزەلمىسەك، ياكى ئۇنىڭ بۇ خىل ئاجىزلىقلىرىنى ئەنگۈشتەر بىلىپ، رېئالىستىك ئىستېتىكا پرىنسىپلىرىدىن بىراقلا ۋاز كېچىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىز كەمكۈتسىز ھالدا مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ كاتىكىغا كىرىپ قالغان،

ئۆزىنىڭ تۈپ ئاساسىي ۋەزىپىسى، رولى، مەقسىتى ۋە نىشانىسىدىن ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئىزدىنىش قىزغىنلىقى ئىچىدە ساقلىنىش قىيىن بولغان بۇ خىل ئەھۋال ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قالمىدى. بولۇپمۇ نىمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايدىغان، قۇرۇق، سىرلىق سۆز بوتقىسى بىلەن تولغان بەزى ماقالىلاردا رېئاللىقتىن ئېستېتىك پرىنسىپلىرىدىن بىراقلا ۋاز كېچىپ، ئۇنى ۋاقتى ئۆتكەن نەزەرىيە، ئىجادىيەتنىڭ بوينىغا سېلىنغان سىرتماققا چىقىرىۋېتىش خاھىشى ناھايىتى ئېغىر بولدى. «يوشۇرۇن ئاڭ»، «چىقىش يولى ئىزدەيدىغان ھېسسىيات» (ھېسسىيات گويا قۇش قەپەزگە قامىلىپ قالغاندەك نەگىدۇر قامىلىپ تۇرارمىش)، «قوزغالغان ئاڭ»، «لىپىرۇش بوشلۇقى»، «تەكشىسىز تەسەۋۋۇر»، «ئۈزۈلمەس ئېقىندىق ئاڭ» دېگەندەك ئوخشاش قۇرۇق، دەبدەبىلىك ئىبارىلەر بىلەن ئۆزىگە گىرىم قىلىۋالغان بۇ ماقالىلاردا ئىنتايىن تۇترۇقسىز، ئىدىيىۋىلىكى تولىمۇ نامرات ۋە چاكىنا گەپلەر ئەرزان باھادا ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇندىن كېيىنكى ماڭىدىغان يولى»، «تەرەققىيات ئىستىقبالى» ئەنە شۇ يەردە، دېگەن گەپلەرگىچە بېرىپ يەتتى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئەدەبىي ئوتتۇرىغا چىققان بىرقانچە پارچە مودېرنىزملىق «ئەسەر» لەرنى كۆرۈپ، گەپنى ئۇلغايتىپ، رىيازەتچىنى بىلەن تىرىشىشنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى چەتكە قېقىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىگە بېكىنىۋېلىپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، خام خىيال بىلەن «ئىجاد» قىلىشنى، شەخسلەرنىڭ ھەسرەت - نادامىتى، تۇغما ئىقتىدارى دەپ ئاتالغان شەھۋانىي تۇيغۇ، ئەركىنلەشكەن ئىرادىسىنى يېزىشنى، دەۋەتلەشتەك ئۆزگىرۈلۈشنى تەشەببۇس قىلىش بولدى. مودېرنىزمنىڭ تولىمۇ چەلەكگۈش ئىبارىلىرى، سىرلىق نەزەرىيىۋى تەشەببۇسلىرى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇلغان بۇ ماقالىلار كىتابخانلارنى گويا سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئەمدى ئاقمايدىغاندەك، يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆل دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتمىسە بولمايدىغاندەك غۇۋا چۈشەنچىگە كەلتۈرمەي قالمىدى. بۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كەلگەن سەلبىي جەھەتتىكى تەسىرىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. گەرچە، ھەر قانداق بىر ئاپتور ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئۆلمەسلىكى، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنىنىڭ يۈكسەكلىكىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋرنىڭ ۋە شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھادىسىلەرنى چىنلىق بىلەن قايتا بەدىئىي گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى، خەلق ۋە دەۋر بىلەن قانداش، دىلداش بولمىغاندا، ئىزگەندىن ئايرىلىپ كەتكەندە بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، ئەمما ھېلىقى ماقالىلاردىكى قۇرۇق داۋراڭلار تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم ئاپتورلاردا رېئاللىقتىن

چەتلىشىش، خەلقنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىيە، ھېسسىياتىدىن ئايرىلىش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋە چۈشەنمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى.

شۇلى جىددىي كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىر قىسىم ياش ھەۋەسكار ئاپتورلار قىزىقىۋاتقان مودېرنىزملىق ئىجادىيەۋى پىكىر ئېقىمى دۇنيا قاراش ۋە ئېستېتىكىلىق سەنئەت قارىشى جەھەتتە، دۇنيانى بىلىش، ئىگىلەش ۋە ئۆزگەرتىش قارىشى جەھەتتە ماركسىزمغا تۈپتىن قارشى بىر خىل ئېقىم. ئۇنى سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بىلەن مەزمۇنى، ئىدىيەۋىلىك جەھەتتە بىر - بىرى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى، بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرغىلى بولمايدۇ. قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ دېيىلىۋاتقان نەرسىلەر ھەرگىز ئۇنىڭ ماھىيەتلىك نەرسىلىرى بولماستىن، بەلكى شەكىلگە ئەۋە ئايرىم ئۇسۇللاردىنلا ئىبارەت. بىراق، ھەرقانداق شەكىل ۋە ۋاسىتە شۇ شەكىل ۋە ۋاسىتە ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان مەزمۇنىنىڭ شەكلى ۋە ۋاسىتىسى، مەزمۇندىن ئايرىلغان مۇستەقىل شەكىل، شەكىلدىن ئايرىلغان مۇستەقىل مەزمۇن بولمايدۇ. ھادىسە، جەرياننىڭ ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، ماھىيىتى ۋە مۇھىم تەرەپى ئۇنىڭ مەزمۇنىدا ئىپادىلىنىدۇ؛ شەكىل پەقەت مەزمۇن ئامىللىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ تۇرغۇچى ۋاسىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلىپمۇ كېتەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە يەنىلا مەزمۇن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، مودېرنىزمنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدىغان شەكىل جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىغا تولىمۇ يۇقىرى باھا بېرىۋەتمەسلىكىمىز، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز لازىم. نوقۇل ۋە بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا شەكىل پىكىرلاش، ۋاسىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىش مودېرنىزمچىلارنىڭ سەنئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان ئەڭ ئاساسىي تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ بىرى. ۋەھالەنكى، رېئالىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپى شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ، ئىدىيەۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق، مودېرنىزمچىلارنىڭ بۇ خىل نوقۇل تەشەببۇسلىرىنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى چەكلەيدۇ.

بەزى ماقالىلاردا رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ بۇ خىل قانۇنىيەتلىك شەرھلىرى ۋە ئېنىقلىمىلىرىنى «چېقىلغىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنى بۇزۇپ تاشلاش لازىم» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مېنىڭچە، بۇ خىل دادىللىق رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسى بولغان دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرى ئۈستىگە ئورۇلغان «دادىللىق» بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە، ئىككى مەنبەچىلىكنى ئاساس قىلغان سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق دادىللىق بولىدىكەن، ئۇ بىر مەنبەچىلىكنى ئاساس قىلغان دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزملىق ئېستېتىكا

پرىنسىپلىرى تەرەپىدىن گۇمران قىلىنىدۇ، ماركسىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى مەسىلىسىدە قانداقتۇر، «چېقىلىشقىلى بولۇش ـ بولماسلىق»، «بۇرژۇئا تاشلاش ـ تاشلىماسلىق» مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت شۇنداق بىرلا مەسىلە مەۋجۇتكى، ئۇ بولسىمۇ، چەتتىن كىرگەن يات نەرسىلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق، قوبۇل قىلىش داۋامىدا ئۆزىنى بېيىتىش ـ بېيىتالماسلىق مەسىلىسىدۇر. قوبۇل قىلىش — رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ ئۆزىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر خىل ۋاسىتە بولۇشى كېرەك. مۇبادا بۇ ۋاسىتىنىڭ قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى رولى مەقسەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالماقچى، يەنى رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ ئېنىقلىمىلىرىنى «بۇرژۇئا تاشلىماقچى» بولىدىكەن، رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. قوبۇل قىلىنىدىغان نەرسىلەر رېئالىستىك ـ ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭ قېنى ۋە گۆشىگە ئايلىنىپ كېتىدىغان ياكى كېتەلەيدىغان، سىڭىدىغان ۋە سىڭىپ كېتەلەيدىغان «ئوزۇقلۇق» بولۇشى كېرەك، مۇنداق بولمايدىكەن، رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ، كىمكى ئۇنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئەمەلىيەت داۋامىدا مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ.

× × ×

قەدىمى دەۋرنىڭ ۋە خەلقنىڭ قەدىمى بىلەن، يۈرەك رىتىمى دەۋرنىڭ ۋە خەلقنىڭ يۈرەك رىتىمى بىلەن، ساداسى دەۋرنىڭ ۋە خەلقنىڭ ساداسى بىلەن تەڭكەش بولمىغان ۋە رېئال ئىجتىمائىيلىق ئۈچۈن چۇقان سېلىپ بېرەلمەيدىغان سەنئەت ھەقىقىي سەنئەت بولالمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئىجتىمائىيلىق، دەۋرلىك، خەلقچىللىقتىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان شەخسىنى، يەنى «ئۆزىنى مەقسەت» قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ «يوشۇرۇن ئېڭى»، جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ رولىنىلا تەكىتلەيدىغان، ئەنئەنىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئىپادىلەش ۋاسىتىسىغىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان مودېرنىزملىق ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كەلگەن بەزى يامان تەسىرلىرى ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىپ، رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنى تۇتقا قىلغان ھالدا، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە تۈپتىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يۈز يىللاردىن بۇيان دۇنيا ئەدەبىياتى سەھنىسىدە يا يوقىلىپ كەتمەي، يا راۋاجلىنىپ كېتەلمەي، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا جان تالىشىپ يۈرگەن مودېرنىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھۋالىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرگەن، خېلىلا داڭ چىقارغان بىر قىسىم مودېرنىزمچى ئەدىبلەرنىڭ ئۆزى شۇغۇللانغان ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتىن

ئىبارەت ئىستېتىك ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان، پەقەت ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك، زەئىپ، چۈشكۈن، نادامەتلىك ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، قاراڭغۇلۇقنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەدەبىيات ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش، كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى؛ ئۇنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان سەنئەت ھادىسىسى، گۇمران بولغان، بۆھران تۇيغۇسىغا ئىگە ئىستېتىكا ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بىر قىسىم ئاپتورلار ئۆز ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا زۆرۈر تەڭشەش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۆزى قايتىپ كەلگەن رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدا ئىزدىنىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، بىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزدە قىبلىنامە قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىمىز، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز تولىمۇ يېتەرسىز بولدى. ھەتتا بۇ جەھەتتە ئېغىر مەسىلىلەر بار. ئېنگېلسنىڭ رېئالىزمنىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى تەبىردە تەسۋىرلىنىدىغان ھەربىر دېتالنىڭ چىنلىقىدىن باشقا، تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەشنىڭ رېئالىزم بولىدىغانلىقى (شېئىرىيەت ئاملىرىمۇ بۇ تەبىرگە بويسۇنىدۇ) ناھايىتى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىز بۇ تەبىردىكى «دېتال»، «تىپىك شارائىت»، «تىپىك مۇھىت»، «تىپىك پېرسوناژ» دېگەن گەپلەرنىڭ غايەت زور رېئال ئەھمىيىتىنى چۈشىنەلمىدۇق، ياكى ئۇنىڭغا تولىمۇ سەل قارىدۇق.

سەنئەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى ياكى ئۆزىنى - ئۆزى تاماملاش جەريانى، پەقەت ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان بەدىئىي توقۇلمىنىڭ «توقۇلۇش» جەريانىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ۋە بۇ خىل بەدىئىي توقۇلمىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق جەريانلاردا ئۆزىنى - ئۆزى تاماملاش جەريانىدۇر. بۇ جەرياننىڭ تۈپ ئاساسى ھەربىر ئايرىم دېتالنىڭ ھەربىر كونكرېتلىقتا ئۆزىنى - ئۆزى تاماملىشىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق تاماملاش «تىپىك شارائىت» تىكى «تىپىك پېرسوناژ» نىڭ ھەربىر پائالىيىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ بارىدۇ. بۇ خىل سىڭىشىش سەنئەت پۈتۈنلۈكىنىڭ مەيدانغا چىقىش جەريانى بولىدۇ. بۇ پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ھەربىر ئايرىم يەككە دېتالنىڭ چىنلىقىغا ئىگە بولغانلىقى شۇ سەنئەت ئەسىرىنىڭ رېئالىزمنىڭ تەبىرىگە ساداقەتمەنلىك پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ يېزىلغان رېئالىستىك ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق، مۇنداق ئەسەرلەرنى مۇكەممەل، ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر دېگىلى بولامدۇ؟ ياق، تېخى ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، بۇنداق ئەسەرلەرنى «مۇكەممەل» لىك، «ھەقىقىي» لىك يۈكسەكلىكىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ ئادەتتىكى، ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ئەقەللىي شەرتلەرنى ھازىرلىغان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن چىنلىقنىڭ رېئالىزمنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكى، ئەمما چىنلا بولسا، ئۇنى ھەقىقىي، مۇكەممەل

بەدىئىي رېئاللىقنىڭ ئەسەر دېگەنلىك بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. روشەنكى، رېئالىزم چىنلىققا تەڭ ئەمەس. بۇ يەردە چىنلىققا ئىگە بولغان ھەربىر دېتال يەنە تىپىك شارائىتتىكى تىپىك دېتال بولۇشى، تىپىك دېتال تىپىك پېرسوناژ بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇشى، تىپىك، چىن، ھەقىقىي بەدىئىي دېتال، تىپىك، چىن، ھەقىقىي تىپىك شارائىت؛ چىن، ھەقىقىي تىپىك پېرسوناژ ۋە چىن، ھەقىقىي، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، رېئالىزمنىڭ مەنىسى ھەقىقىي ھالدا ئۆز تەبىرىنى تاپقان، ئەمەلىيەتلەشكەن مەنا سۆيىستىدە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان نەزەرىيىگە ئايلىنالايدۇ.

رېئالىزم دېگەن بۇ سۆز ئاڭلىماققا ئاددىي، سىلىق، يۇۋاشتەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ھېچقاچان ئۇنداق ئەمەس. يىڭنە كىچىك بولسىمۇ، يۇتقىلى بولمىغاندەك، «ئاددىي، سىلىق، يۇۋاش» كۆرۈنگەن رېئالىزمنى «ھەزىم» قىلغان ۋە قىلالايدىغان سەنئەتكارلار دۇنيا تارىخىدىمۇ كۆپ ئەمەس. شۇڭا «رېئالىزمنىڭ يامىنى يېشىپ بولدى»، «ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پسىخولوگىيىسىنى تەسۋىرلەشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ»، «دەۋر تەلىپىنىڭ ئارقىسىدا قالدى»، «ئىجادىيەتنىڭ سىرتىمىقى بولۇپ قالدى»، «پوتلىسكاشالىك»، «كونا ئەنئەنە» دېگەنگە ئوخشاش چۇقانلار «ئېشەككە كۈچى يەتمەي توقۇمنى ئۇرغان»، ياكى «ئاتالمىغان سەرگەن ئوقىدىن كۆرگەن» دەك ئاخمىقانە بىلجىرلاش بولۇپ، ئۇ رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىغا قىلىنغان بوھتاندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىز يېقىنقى دەۋردە، رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنى، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى، گۈللىنىش جەريانلىرىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلمىدۇق، باشقا ئېقىملارنىڭ ئۇزۇق قىلغىلى بولىدىغان تەرىپىنى قانچىلىك بولمىسۇن شۇنچىلىك تولۇق قىلىپ، رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشىمىز لازىمكى، ئۇنى ھەرقانداق چاكىنا ئېقىملارغا تېگىشتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز، كەمسىتمەسلىكىمىز، قارىلاش يوزىنىمىسىدە بولماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، رېئالىزمنىڭ ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان ھەقىقەت. ئۇنىڭ تايىنىدىغان پەلسەپىۋى ئاساسى ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا. ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن دۇنيانىڭ ئۆز ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ماددىيلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىلارنىڭ تەبىئىي ھەرىكەت ھالەتلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كېچىش كېرەك. بۇ پرىنسىپلاردىن ۋاز كەچكەنلىك دۇنيانىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى مۇتلەق ئىدىيە، مۇتلەق روھ دەيدىغان ئىدىئالىستىك پەلسەپە تەرەپدارلىرى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىك بولىدۇ. بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

# ئېلىمىزدە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى توغرىسىدا

ئابلىكىم ھەسەن، يولداش ئوشۇر

قىسقىچە مەزمۇنى: «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى — ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، شۇنداقلا قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى. ھالبۇكى، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تاۋار ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە رىقابەتنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رولىنى ئېتىراپ قىلىش — «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى چۈشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئېلىمىزدە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ ۋەيران بولۇش قانۇنى دەپ ئېلىنىدۇ) ئېلان قىلىنىپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، گەرچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، ئېلىمىز نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە باشقا ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى ھەمدە بۇ توغرىدا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بەزىلەر ۋەيران بولۇش تۈزۈمى كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە خاس ھادىسە، ئۇنى سوتسىيالىزمدا يولغا قويۇشقا بولمايدۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر بۇ قانۇننى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاندىلا ئاندىن يولغا قويۇشقا بولىدۇ، ئېلىمىزدە تاۋار ئىگىلىكى تازا تەرەققىي قىلمىدى، شۇڭا ۋەيران بولۇش قانۇنىنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ دەپ قارىدى؛ يەنە بەزىلەر بولسا ۋەيران بولۇش ھادىسىسى تاۋار ئىگىلىكىگە خاس ھادىسە، ئۇ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى، شۇڭا سوتسىيالىزمدا ۋەيران بولۇش قانۇنىنى يولغا قويۇش تامامەن مۇمكىن دەپ ھېسابلىدى. بىز بۇ ماقالىدا ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا ۋەيران بولۇش قانۇنىنى

يولغا قويۇشنىڭ ئوبيېكتىپ نەزەرىيەۋى ئاساسى ئۈستىدە بەزى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

### 1. تاۋار ئىگىلىكىنى ۋە رىقابەتنى ئېتىراپ قىلىش «ۋەيران بولۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇشنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى چۈشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

«دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى» نىڭ 1 - ماددىسىدا: «بۇ قانۇن سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىگىلىك ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، ھەقدارلار بىلەن قەرزدارلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش مەقسىتىدە ئالاھىدە تۈزۈپ چىقىلدى» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ناھايىتى روشەنكى، ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى ئالدى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تاۋار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتا.

سوتسىيالىزم ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكى كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىگە قارمۇ-قارشى مەيدانغا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى يوقاتتى. ئەمما تاۋار ئىگىلىكىنى يوقاتقىنى يوق. سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى، تارىختىكى تاۋار ئىگىلىكى ئومۇمەن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. لېكىن تاۋار ئىگىلىكىنى ھەرگىزمۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. تاۋار ئىگىلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلسىلا كاپىتالىزم تۈزۈمىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتەك قاراشلار توغرا ئەمەس. سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىجتىمائىي ئىش تەخسىماتى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەقىل ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېخى تازا تەرەققىي قىلمىغان، ئىجتىمائىي بايلىق مول ئەمەس، ئەمگەك ئادەملەرنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىغا ئايلانغىنى يوق، ئۇ يەنىلا تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ۋاسىتىسى، بۇنداق ئەھۋالدا ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەقەت تاۋار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئەمگەكنى بىۋاسىتە ئالماشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز

«بىر قىسىم زامانىۋى سانائەت زامانىۋى سەۋىيىدىن نەچچە 10 يىل ھەتتا 100 نەچچە يىل كېيىن قالغان نۇرغۇن سانائەت تارماقلىرى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بىر قىسىم رايونلار تەرەققىي قىلمىغان كەڭ رايونلار ۋە نۇرغۇن نامرات رايونلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن پەن-تېخنىكا ئاز ساننى تەشكىل قىلىدىغان ئەھۋال ئومۇمىي پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن، ئاھالىمىزنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرى ساۋاتسىز، چالا ساۋات بولغان ئەھۋال بىلەن تەڭ مەۋجۇت»① بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقتىن، «سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى تېخى بەك تۆۋەن، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىچكى بازار تازا روناق تاپقىنى يوق، ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن يېرىم ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى تېخى خېلىلا ئېغىر، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلۈم تېخى كامال تاپقىنى ۋە مۇكەممەللىشىپ كەتكىنى يوق»② بۇنداق ئەھۋالدا كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى مەۋجۇت بولۇپ، ھەرقايسى ئىگىلىك شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تاۋار مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولماي مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا 1984 - يىلى 10 - ئايدا، پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىدىمۇ ئېنىق قىلىپ: «تاۋار ئە-گىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرۇش — ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان باسقۇچى، ئىگىلىكىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. تاۋار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئىگىلىكنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرۇپ، كارخانىلارنى ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، ئىگىلىكنى جانلىق باشقۇرۇپ، مۇ-رەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان ئىجتىمائىي تەلەپلەرگە سەزگۈرلۈك بىلەن ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ»③ دەپ كۆرسىتىلگەن.

سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەكىتلەنگەنىكەن رىقا-بەتنىمۇ تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم، ئەمما بەزى كىشىلەر رىقابەتنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى، كاپىتالىزم ئىقتىسادىغا خاس ھادىسە دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، رىقابەت كاپىتالىزمنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي كاتېگورىيىسى ئەمەس، بەلكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ كاتېگورىيىسى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلى، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ھەرىكىتى. ئۇ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن پەيدا بولغان، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن

---

①② «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى» 12 -، 13 - بەتلەر.

③ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» 24 - بەت.

بىر ۋاقىتتا: «تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىلا بولىدىكەن مۇقەررەر رىقابەت بولىدۇ» سوتسىيالىستىك كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت «ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ پىلان ۋە قانۇن-بەلگىلىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شەرتى ئاستىدا، كارخانىلارنى بازاردا كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ باھاسىنى ۋە تەكشۈرۈشىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ياخشىلارنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ، ناچارلارنى رەتتىن چىقىرىدۇ. بۇنداق رىقابەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان قامال ۋە مونوپولىيىنى بۇزۇشقا، كارخانىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئاشكارىلاپ، كارخانىلارنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشىلايدىغان قىلىشقا، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق»① دەپ كۆرسىتىلدى.

ئەمما تارىخ ئىسپاتلىدىكى، مەيلى كاپىتالىستىك جەمئىيەت ياكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بولسۇن، ھەممىسى تاۋار ئىگىلىكىنى ۋە رىقابەتنى تولۇق راۋاجلاندۇرۇشقا مۇھتاج. ھەرقانداق بىر مىللەت ياكى دۆلەت تاۋار ئىگىلىكى ۋە رىقابەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى تولۇق ۋە ئۇزۇل-كېسىل راۋاجلاندۇرمايدىكەن ياكى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، مەدەنىيەتلىك مىللەت ياكى مەدەنىيەتلىك دۆلەت قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ.

رىقابەت — تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشتىن ئىبارەت. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل كۈرەش تېخىمۇ كەسكىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. كاپىتالىستىك ئىگىلىك — ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىغا ئورنىتىلغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشتا ئەركىن رىقابەت كەڭ قانات يايدۇرۇلىدۇ. ھەممىدە ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ خىل رىقابەتتە، ئاخىرقى ھېسابتا ھايات-ماماتلىق كۈرەشى ئارقىلىق كاپىتالى يېتەرلىك بولغان ھەممىدە زور مىقداردىكى قەرز پۇلغا ئىگە بولالايدىغان شىركەت ياكى كارخانىلار غەلىبە قىلىدۇ. غەلىبە قىلغان كارخانا ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كاپىتالىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رەقىبلىرىنى بويسۇندۇرىدۇ. مەغلۇپ بولغان كاپىتالىستلار ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئومۇملۇقتىن ئالغاندا، كاپىتالىستىك تۈزۈمدە بىر-بىرىنى يۇتۇۋېلىش ھادىسىسى داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ كاپىتالىستىك رىقابەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى.

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، ئىلگىرى «سول» چىل لۇشيەننىڭ تەسىرىدە تاۋار ئىگىلىكى ۋە رىقابەت مەسىلىسى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنغانىدى. ئىقتىسادىي

① «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» 36 - بەت.

تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشلانغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي سىياسەتتىكى بىر قاتار مەسىلىلەر ۋە خاتا كۆز قاراشلار ئىسلاھات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تۈزىتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تاۋار ئىگىلىكى ۋە رىقابەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېتىراپ قىلىنمىغانىكەن، كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش مەسىلىسىنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش مەسىلىسى — ئىقتىسادىي رىقابەتتىن مەيدانغا كەلگەن مەسىلە. سوتسىيالىستىك تۈزۈم كاپىتالىستىك تۈزۈمگە قارشى ھالدا ئورنىتىلغانلىقتىن، رىقابەت كاپىتالىستىك رىقابەتلەرگە ئوخشاش ھۆكۈمەتسىزلىك ئاساسىدا، بىر-بىرىنى يوقىتىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىلمايدۇ. «قارار» دا سوتسىيالىستىك كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختىلىپ، «سوتسىيالىستىك كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئالدى بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇنداق مۇناسىۋەت رىقابەتنى چەتكە قاقمايدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت دۆلەت پىلانى ۋە قانۇن-پەرمانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا، ئۆزئارا تۈپ مەنپەئەت بىرلىكى ئاساسىدا، ئورتاق بېيىشنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، دۆلىتىمىزدە قۇرۇلۇۋاتقان ھەر خىل كارخانىلار گۇرۇھى دەل مۇشۇنداق مەقسەت بىرلىكى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. لېكىن بۇ كارخانىلار نىسپىي مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە تىجارەت قىلغۇچى ئورۇن، شۇڭلاشقا ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا — زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان قانۇنىي شەخس بولغاچقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنىڭ نىسپىي مۇستەقىل مەنپەئەتى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن دەرىجىدە رىقابەت يولغا قويۇلىدۇ. رىقابەت داۋامىدا، ئاز ساندىكى كارخانىلار ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىق، خام ئەشيا، ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى بولۇش، قىممىتى ئىجتىمائىي قىممىتىدىن يۇقىرى بولۇش سەۋەبىدىن ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتىپ تەرەققىي قىلىش ئىستىقبالىنى يوقىتىپ ۋەيران بولۇپ شاللىنىپ قالىدۇ. باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى، سەرپىياتى تۆۋەن، خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئاز بولغان بىر قىسىم كارخانىلار ئەڭ زور پايدا ئالالايدۇ.

كارخانىلار ۋەيران بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش خاھىشىنى تۈگىتىپ، ناچارلىرىنى شاللاپ ياخشىلىرىنى ساقلاپ قالغىلى، ياخشىلىرى ئارقىلىق ناچارلىرىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش مۇھىتىنى يارىتقىلى، رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلاردا پۈتۈن كۈچ بىلەن يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىپ، تېخنىكا يېڭىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رىقابەتلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەرەققى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆۋەنلەيدۇ، سۈپىتى ئۆسىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشقا سالغىلى، ئوبوروتنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىنى ياخشى ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

**2. ۋەيران بولۇش قانۇنى قىممەت قانۇنىيىتى رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى**

ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر چوقۇم ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە رول ئويناش دائىرىسىدىن ئۇنى ئۈچكە بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچى تۈردىكىسى، بارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي فورماتسىيىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇنىيەت، مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىش قانۇنىيىتى. ئىككىنچى تۈردىكىسى، مەلۇم ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزىگىلا ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇنىيەت، مەسىلەن، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش قانۇنىيىتى. ئۈچىنچى تۈردىكىسى، بىرنەچچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇنىيەت، مەسىلەن، قىممەت قانۇنىيىتى.

قىممەت قانۇنىيىتى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئاددىي تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، كاپىتالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رول ئويناش شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىراق قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يەنى بىرلىك تاۋارغا سەرپ قىلىنغان ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى تاۋارنىڭ قىممىتىنى بەلگىلىشى ئۆزگەرمەيدۇ. قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئاساسىي تەلىپى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ، غەلىبىسىمۇ، مەغلۇبىيىتىمۇ بولۇشىنى بەلگىلىگەن، ئەمگەك سەرپىياتى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك مىقدارىدىن تۆۋەن، مەھسۇلاتى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلگەنلىرى تېخىمۇ كۆپ كىرىمگە ئىگە بولۇپ، بىر قەدەر ياخشى تەرەققىي قىلالايدۇ؛ ئەمگەك سەرپىياتى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك مىقدارىدىن يۇقىرى، مەھسۇلاتى بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرىنىڭ كىرىمى تۆۋەن، ھەتتا ئېغىر زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇشى مۇقەررەر. قالاق تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ۋەيران بولۇپ شاللىنىپ كېلىشى، ئىلغارلارنىڭ غەلىبە قىلىپ گۈللىنىشى قىممەت قانۇنىيىتى رولىنىڭ مۇھىم شەكلى. ئەگەر بىز يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ۋەيران بولۇشنى يوشۇرۇپ، زىيان تارتقان كارخانىلارغا دۆلەت مالىيىسىدىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ياكى بىرلەشتۈرۈۋېتىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش

قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ئىلغارلار ياراتقان ماددىي بايلىقلار بەدىلىگە قالاقلارنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەنمىز، ئىلغارلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى بوغۇش بىلەنلا قالماي، قالاقلارغا بولغان بېسىمنى يوقىتىمىزدە قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز. بىز بۇنىڭ زىيىنىنى ئاز تارتمىدۇق، بۇ ھەممەيلەنگەن ئېنىق بولغان پاكىت.

تاۋار ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، قىممەت قانۇنىيىتى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىدۇر. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئوخشاش بولمىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي قەرز مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ئەگەر كارخانىلار ئېغىر زىيان تارتىپ، قەرەللى توشقان قەرزلىرىنى قايتۇرالمىسا، ئۇ ھالدا ۋەيران بولۇش قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، قەرزنى قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىنمايدىكەن، سوتسىيالىستىك مەبلەغ ئوبوروتى ۋە پۇل ئوبوروتىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا تەسىر يېتىپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەرتىپى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

**3. ۋەيران بولۇش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىدۇر.**

تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئوخشاش بولمىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ھەقسىز ئەمگەك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھەمدە بازار ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار بەدەلسىز ماددىي بايلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، جاپا-مۇشەققەتلىك ئەمگەكنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت پائالىيىتىگە تايىنىپلا قولغا كېلىدۇ. ھەرقانداق كوللېكتىپ ۋە ئادەم ئەڭ ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئىلگىرىكىدەك ماددىي مەنپەئەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، «چوڭ قازاننىڭ تامىقى»نى يەۋېرىشنى تەكىتلەيدىكەنمىز، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق نامراتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىزدە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ. ۋەيران بولۇش قانۇنى ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى. كارخانىلار بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە، ئەگەر قەرزدار سۈپىتىدىكى بىر تەرەپ ھەقدار سۈپىتىدىكى ئىككىنچى

بىر تەرەپكە قەرەللىك توشقان قەرزلەرنى قايتۇرالمىسا، ئۇ ھالدا ھەقدارنىڭ مال-مۈلكى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىنغان بولىدۇ، بۇ ماھىيەتتە ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىغا خىلاپ بولۇپ، ۋەيران بولۇش تۈزۈمى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. قەرزدار قەرزنى قايتۇرالمىسا ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى ئېنىقلاپ، قەرز ھېساۋىدا قايتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق تەرتىپىنى ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىقتىسادنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**4. ۋەيران بولۇش قانۇنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.**

ئېلىمىزدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى ياخشىلاندى، كارخانىلار مۇستەقىل ھېسابات ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت پائالىيىتىگە ۋە پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش يولىغا قاراپ ماڭدى، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش پرىنسىپى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلدى. بۇ، مەسئۇلىيەت بىلەن مەنپەئەتنى ئايرىۋەتكەندىن، ئۇنۇم بىلەن ھېسابلاشماي بىر تۇتاش كىرىم قىلىپ، بىر تۇتاش چىقىم قىلىدىغان، پايدا-زىياننى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان، ھوقۇقنى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرىۋالىدىغان، قىلچىمۇ ھاياتىي كۈچى يوق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىگىلىك پائالىيىتىگە پۈتۈنلەي مەسئۇل بولۇشنىڭ ئۆزى ئېغىر زىيان كۆرۈلۈپ، تاقىلىپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى ئىزلىنىشلەر ۋەيران بولۇش قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى بەلگىلىگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈرگۈزۈلىۋاتقان كارخانىلارنى كۆتۈرە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، پاي قوشۇشنى سىناق قىلىش، ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىش ھەققىدىكى ئىسلاھات نەزەرىيىلىرى ۋە ئەمەلىيىتى يۇقىرىقىلارنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئىسپاتلىسا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ھوقۇقى، مەنپەئەتى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ قانۇنىي يول بىلەن بېكىتىلىشى ۋەيران بولۇش قانۇنىنى شەرت-شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

كارخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سالاھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، كارخانىلارنىڭ ۋەزىپىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى» نىڭ 3 - ماددىسىدا: «دۆلەت پىلانى ۋە بازار ئېھتىياجىغا قاراپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، بايلىق يارىتىش، جۇغلانما

# دۆلىتىمىز مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا

تۇرسۇننىياز ساۋۇر

قىسقىچە مەزمۇنى: مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى — دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن - نىزاملىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. دۆلىتىمىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى تايانچ بازىلارنىڭ قانۇنلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. يېڭى ئاساسىي قانۇن مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىنى قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەم قانۇنىي ئاساس ۋە قانۇنچىلىق پرىنسىپى بىلەن تەمىن ئەتتى.

مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى — دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر بارلىق قانۇن-نىزام ئەمىر پەرمان، قارار - بۇيرۇق قاتارلىق قانۇنىي ھۆججەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئۇ دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلى، خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە

---

مىنى كۆپەيتىش، جەمئىيەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەگەر كارخانىلار بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەمگەك سەرپىياتى يۇقىرى بولۇش، باشقۇرۇشى ياخشى بولماسلىق سەۋەبلىك ئېغىر زىيان تارتسا، جەمئىيەتنىڭ بايلىقىنى خوراتسا، قائىدە بويىچە ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سالاھىيىتىنى يوقىتىپ ۋەيران بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىمۇ ۋەيران بولۇش قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋەيران بولۇش قانۇنى سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىقتىسادىي ھادىسىلەر، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بەلگىلىگەن. شۇڭا، ئۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان بىر قەدەمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھوقۇق دائىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي ھۆججەتلەرنى، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش، نازارەت قىلىش، خىزمەتتىن چېكىندۇرۇش ۋە پېنسىيىگە چىقىرىش، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر پائالىيەت پىرىنسىپى، خىزمەت شەكلى، ئۇسۇلى ۋە تەرتىپى جەھەتتىكى قانۇنىي ھۆججەتلەرنى، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە باشقا دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا - كەسپىي ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىگە ئائىت مەمۇرىي قانۇنى - قائىدىلەر قاتارلىق كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇ گومىنداڭنىڭ كونا ئەكسىيەتچى قانۇن - تۈزۈملىرىنى بىكار قىلىش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن يېڭى تىپتىكى مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىدۇر. ئۇ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ خەلق دېموكراتىيىسى - دىكتاتۇرىسىدىكى دۆلەت تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى قوغداش، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ كۈچلۈك قورالى.

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ئىنقىلابىي بازىلاردا تىكلەنگەن قانۇنلارنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشى. 1928 - يىلى جىڭگاڭشەن ئىنقىلابىي بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭى دېموكراتىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ھۆججەتلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. 1931 - يىلى جىياڭشى ئۆلكىسىنىڭ رۇيجىن دېگەن يېرىدە تۇنجى مەركىزىي سوۋېتلار ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت مەمۇرىي قانۇننى ۋە نىزاملارنى ئارقا-ئارقىدىن تۈزگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ئۇرۇش مۇھىتى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، سوۋېتلار ھاكىمىيىتى ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي خىزمەتچى خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، ئۇلارنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش شۇنىڭدەك ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى، دېپلوماتىيە، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، يەر مەسىلىسى، مالىيە - ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ قاتارلىقلارغا ئائىت مەمۇرىي قانۇن ۋە نىزاملارنى تۈزۈشكە ئەستايىدىل ئەھمىيەت بەرگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەشۇ مەزگىللەردە ئېلان قىلىنغان قانۇن - نىزاملار ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن. قانۇنىي ھۆججەتلەر

كېيىنكى دەۋردە دۆلىتىمىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مول ئىجابىي تەجرىبىلەرنى توپلاپ بەردى.

1. بىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بارلىققا كەلگەن، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

خەلق ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى تۈزگەن مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ۋە نىزاملار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىنقىلاب قۇرالىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ كونا، ئەكسىيەتچىل قانۇن - تۈزۈملىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلغان. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن سىياسەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىپ بارغان. 1928 - يىلى 6 - ئايدا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدا: قىزىل ھاكىمىيەت «پارتىيىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا شەرتسىز كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. پارتىيىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىگە جۈملىدىن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكى ئاساسەن سىياسەت، فاڭجېن جەھەتتىكى رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى قانۇن چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق قانۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ۋە ماددىلاشتۇرۇلىدۇ. شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىي نورمىغا ئىگە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، 2 - قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى يەر قانۇنى، يەر تەكشۈرۈش ھەرىكىتى قانۇنى قاتارلىقلار ئەينى ۋاقىتتىكى پارتىيىنىڭ يەر سىياسىتىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، قانۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىدى؛ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى تۈپ زىددىيەتتە ئۆزگىرىش بولغانلىقىدىن، پارتىيىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ئاساسەن مەلۇم ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا تۈزۈپ ئېلان قىلىنغان مەمۇرىي قانۇن ۋە نىزاملاردىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتى. 1941 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماقۇللانغان «شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دا «كومپارتىيە ئەزاسى مەلۇم بىر مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئاساسىي خادىملىقىغا سايلانغاندا، بۇ ئورگاندىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن، بۇ ماھىيەتتە يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، قانۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

2. بىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىمىز خەلق ئىنقىلابى كۈرىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يەكۈنى، بارلىق ھوقۇقىنىڭ خەلققە مەنسۇپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردىكى خەلق ھاكىمىيىتى خېلى بۇرۇنلا خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقى، دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئۇرغۇزۇلغان ئىسىل، ئىلغار پىرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، 1934 - يىلىدىكى «جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇن پىروگراممىسى» ۋە «جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي سوۋېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» قاتارلىقلاردا خەلق دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، بۇلار خەلققە ۋاكالىتەن ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلاردۇر، ھەر دەرىجىلىك ۋەكىللەر يىغىنى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى سايلام ئارقىلىق تەشكىللەپ، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ قارارلىرى ۋە ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل قىلىدۇ، بۇ مەسئۇل ئورگانلار ئۆزىنى تەشكىللىگەن ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، قەرەللىك ھالدا ئۇلارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، مەمۇرىي ئورگانلاردىكى خىزمەتچى خادىملار پەقەت خەلقنىڭ چاكارلىرىدۇر، دېگەن پىرىنسىپلار بەلگىلەنگەن. خەلق ئىنقىلابى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، پارتىيىمىز ۋە خەلق ھاكىمىيىتىمىز يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا قاتنىشىشقا كەڭ كۆلەمدە جەلپ قىلغان. مەسىلەن، 1931 - يىلى 11 - ئايدا ئېلان قىلىنغان «يەرلىك سوۋېت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان تەشكىلىي نىزامى» دا يېزىلىق سوۋېتلار سايلىغۇچىلار تەرىپىدىن بىۋاسىتە سايلىنىدۇ، سوۋېت ۋەكىللىرى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدۇ، بىراق ئۇلار يېزىلىق سوۋېتنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىمۇ بولىشى كېرەك، يېزىلىق سوۋېتلاردا تەسىس قىلىنغان كومىتېتلار بىر قىسىم ئاكتىپلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

3. بىزنىڭ مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىمىز باشتىلا پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئىخچام، ئىختىساتچىل بولۇش پىرىنسىپىنى ئۆزىگە ئۆلگە قىلغان بولۇپ، ئۇ دۆلەت ئورگانلىرىنى ئىخچام، ئىختىساتچىل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ.

ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردىكى خەلق ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە قانۇنچىلىق پائالىيىتىدە پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئىقتىسادچىل بولۇش پىرىنسىپىنى ئۆزىگە ئۆلگە قىلىپ كەلگەن. ئۇ ئېلان قىلغان قانۇن ھۆججەتلەردە ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى، خادىملارنىڭ

شتاتى ۋە خىزمەت خىراجىتى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن بىر يۈرۈش كەسكىن تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن: 1931 - يىلى 11 - ئايدا ئېلان قىلىنغان «يەرلىك سوۋېت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان تەشكىلىي نىزامى»دا يېزىلىق سوۋېتنىڭ شتاتى ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ، تەۋەسىدە بۆلۈم تەسىس قىلىنمايدۇ. شەھەرلىك سوۋېتنىڭ شتاتى 19 ئادەم، رايونلۇق سوۋېتنىڭ 15 ئادەم، ناھىيىلىك سوۋېتنىڭ شتاتى 25 ئادەم، ئۆلكىلىك سوۋېتنىڭ شتاتى 90 ئادەم بولىدۇ، دەپ تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ئۇندىن باشقا بۇ سوۋېتلارنىڭ قارمىقىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە خىزمەت ھوقۇق دائىرىسى ئۈستىدىمۇ ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، پارتىيىمىز ۋە خەلق ھاكىمىيىتىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرىغا مائاش تارقىتىلماي، نورمىلىق تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، شۇنىڭدەك بۇ ھەقتە مەمۇرىي قانۇن شەكلى ئارقىلىق كەسكىن، تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلغان، مەسىلەن، ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىنىڭ ئايلىق تۇرمۇش تەمىناتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئاددىي ئىشچىنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققى سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، چېگرا رايونىنىڭ مەمۇرىي رەھبىرىنىڭ تۇرمۇش راسخودى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئايدا بەش يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ناھىيە ھاكىملىرىنىڭ ئايلىق تۇرمۇش پۇلى ئىككى يېرىم يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ھەربىر خىزمەتچى خادىمنىڭ كۈندىلىك ئاشلىق نورمىسى بىر جىڭ تۆت سەردىن؛ سەي راسخودى 4 فۇڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئايلىق خىراجىتى 30 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك ۋە باشقىلار.

دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئىنقىلابنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ئوخشاش بولمىدى. مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ئىنقىلاپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىپ تۇردى. ئالدىنقى بىر تارىخىي باسقۇچتا رول ئوينىغان مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى، ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قىسمەن پرىنسىپلارغا ۋارىسلىق قىلىنغاندىن باشقا، ئاساسەن يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئۇلار قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە غەلىبىنى مۇستەھكەملەش - تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى، شۇنىڭدەك يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن مول تەجرىبىلەر توپلاپ بەردى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك مەمۇرىي قانۇن قۇرۇلۇشىغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى،

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر ئىجابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان قانۇن - نىزاملار ئىچىدە مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن - نىزاملار تەخمىنەن 80% دىن ئارتۇقىنى ئىگىلەيدۇ.

لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، يېڭى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇن قۇرۇلۇشى خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش بىر ئەگرى - توقاي جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. 1949 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە بولغان دەۋر دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى دەۋرى بولدى، مۇشۇ مەزگىلدىكى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. شۇڭا بۇ مەزگىل دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى قۇرۇلۇشىمۇ ساغلام راۋاجلانغان، گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەت يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىن قالغان ۋەزىپىلەرنى داۋاملىق ئورۇنلاش، ئۇرۇش جارائىتىنى ساقايتىپ، ئىگىلىكنى ئىمكان قەدەر تېزراق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن رولىنى ئوينىغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»غا ئاساسەن، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى ئىلغار ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىرمۇنچە مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ۋە نىزاملارنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى زۆرۈر قانۇن - نىزاملار تا يېقىنغىچە ھەتتا بۈگۈنكىچە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە تۈزۈپ ئېلان قىلىنغان مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ۋە نىزاملاردىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ تەشكىلىي قائىدىسى»، ھەرقايسى چوڭ مەمۇرىي رايون، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە، رايون ۋە يېزا (مەمۇرىي كەنت) لىق ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى، «مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ خىزمەتچى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان چارىسى» قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى، مالىيە - ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ، پەن - تېخنىكا، تەنتەربىيە، سەھىيە، كادىرلار ئىشلىرى، تەپتىشلىك قاتارلىقلارغا ئائىت زور مىقداردىكى مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ۋە نىزاملارمۇ ئېلان قىلىندى.[1] 1954 - يىلى 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» قاتارلىق مۇھىم قانۇن - نىزاملار

ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى، مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى چىقىرىش ئىشىمۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى.

لېكىن، دۆلىتىمىزنىڭ بۇ مەزگىلدىكى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى جۈملىدىن سوتسىيالىستىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇن قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلغاندا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئېلان قىلىنغان تۈرلۈك قانۇن-نىزاملارنىڭ كۆپىنچىسى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان ياكى ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنى يولغا قويغاندىن كېيىن، تەجرىبە ساۋاقلارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەش، ئۇنى يەنىمۇ تولۇقلاش، تەڭشەش زۆرۈر ئىدى، ئەمما كېيىنكى يىللاردا تەدرىجىي ھالدا ئۆلۈك ھالدىكى مەركەزلەشتۈرۈش، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى «سول» چىللىق تۈپەيلىدىن، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، سىناق تەرىقىسىدە ياكى ۋاقىتلىق يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن - نىزاملارنى ۋاقتىدا تولۇقلاش، تەڭشەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ھەدېسىلا «نامى ئۆلۈغ، سۈپرىسى قۇرۇق»، ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن بۇيرۇقلار، پرىنسىپلار ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىنىپ كەتتى، يېڭىدىن تۈزۈلگەن بەزى مەمۇرىي قانۇن ۋە نىزاملارمۇ مەزمۇن جەھەتتە تومتاق، قوپال، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان پرىنسىپلار كۆپ بولغاچقا، ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتكە ماسلىشالمىدى. نەتىجىدە مەمۇرىي ئاپپاراتلار قاتمۇ - قات بولۇپ كېتىش، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىشتەك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولدى.

1957 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە دۆلىتىمىز يەنە بىرقىسىم مۇھىم مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ۋە نىزاملارنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى، مەسىلەن: «گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنى مۇكاپاتلاش - جازالاش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش، جازالاش نىزامى»، «ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش نىزامى» قاتارلىقلار دەل مۇشۇ مەزگىلدە تۈزۈلگەن مۇھىم قانۇن ھۆججەتلىرىدۇر. ئەمما 1956 - يىلى دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغان، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىن ئىبارەت يېڭىچە دەۋر يېتىپ كەلگەن بولغاچقا، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمىز جۈملىدىن مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى قۇرۇلۇشىمىزمۇ يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. بىراق بىزنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز كەمچىل، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئىزدىنىشىمىز يېتەرسىز بولغاچقا، قىسمەن دائىرىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋەزىيىتىنى پۈتكۈل جەمئىيەتكە كېڭەيتىۋەتتۇق، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە توپ مەۋقەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈش، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ماددىي مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا قاراتمىدۇق؛ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، ۋە كۆپ قاتلاملىقىنى تونۇپ يېتەلمىدۇق. نەتىجىدە جۇڭگودا ئەمدى «كوممۇنىزم يىراقتىكى ئىش ئەمەس» دەپ قاراپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولماقچى بولدۇق، بەزى جايلار ھەتتا ئۆز رايونىنى ئۈچ يىل ياكى بەش يىل ئىچىدە «كوممۇنىزم رايونى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلىشتى. بۇ تەبىئىي ھالدا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى ئېغىر «سول» چىل خاتالىقنىڭ يەنىمۇ ياماراپ كېتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بەردى، ئاقىۋەت سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، پەقەت پارتىيىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىلا تەكىتلىنىپ، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلمىدى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا قانۇنلاشتۇرۇش، كونكرېتلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى، پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت دائىرىسى ئارىلىشىپ كەتتى، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىي قۇرۇلۇشىمۇ بىرئىزدا توختاپ قالدى، دەسلەپكى مەزگىلدە ئېگە بولغان تەجرىبىلەر خۇلاسىلانمىدى ۋە رەتلەنمىدى. مەسىلەن، 1956 - يىلى گوۋۇيۈەن قانۇن - تۈزۈم ئىدارىسى مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن - نىزاملارنى رەتلەش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى 1962 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن نىزاملار توپلىمى» نەشىردىن توختىتىلدى، 1966 - يىلى 6 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئاخباراتى» نەشىردىن توختىتىلدى. بەزى مۇھىم سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى مەسىلەن، تەپتىش مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، گوۋۇيۈەن قانۇن - تۈزۈم ئىدارىسى قاتارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان 10 يىل سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم لىنبىياۋ، «4 كىشىلىك گورۇھ» تەرىپىدىن خالىغانچە ئاياق - ئاستى قىلىنغان 10 يىل بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ھوقۇق تارتىۋېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدىنقى مەزگىلدىكى يۇچۇقلاردىن پايدىلىنىپ، «جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش»، «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت تەتۈر شۇئار ئاستىدا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى خالىغانچە قالايمىقانلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى دەھشەتلىك تۈردە دەپسەندە قىلدى. دۆلەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن

بولماسلىق، قانۇن بولسىمۇ كارى بولماسلىقتەك ناچار ئىللەت ئەۋجىگە چىقتى، قانۇنشۇناسلىق ساھەسى «چەكلەنگەن»، «سىرلىق» رايونغا ئايلىنىپ قالدى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەمۇرىي ئىشلار قانۇنچىلىق ئىشىدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمىدى.

1976 - يىلدىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى ئېغىر «سول»چىل ئىدىيىگە خاتىمە بېرىلىپ، ۋەزىيەت ئوڭشالدى، پارتىيە ۋە دۆلەت قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخباراتى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئاخباراتى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن - نىزاملار توپلىمى» قاتارلىقلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، تەپتىش مىنىستىرلىكى ۋە گوۋۇيۈەن قانۇن - تۈزۈم ئىدارىسى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تولۇقسىز ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، پەقەت، 1977 - يىلدىن 1986 - يىلغىچىلىك بولغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تۈزۈپ ئېلان قىلىنغان مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ۋە نىزاملار ئالدىنقى 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئېلان قىلىنغان مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ۋە نىزاملارنىڭ ئومۇمىي سانىدىن ئېشىپ كەتكەن. تېخىمۇ خۇشاللىنارلىقى شۇكى، 1982 - يىلدىكى يېڭى ئاساسىي قانۇن دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى جۈملىدىن مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەم قانۇنىي ئاساس ۋە قانۇنچىلىق پىرىنسىپى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇنىڭدا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىي مەنبەسى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. مەسىلەن، بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ 89 - ماددىسىنىڭ 2- تارمىقىدا: گوۋۇيۈەن «ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بەلگىلەيدۇ، مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىدۇ» دەپ بەلگىلەندى، 90 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا: «مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلار قانۇنغا، گوۋۇيۈەننىڭ مەمۇرىي نىزام، قارار ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئاساسەن، ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى ئىچىدە بۇيرۇق، يوليورۇق ۋە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. دېمەك، يېڭى دەۋردە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى مۇھىم مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ۋە نىزاملارنى تۈزگەندىن باشقا يەنە گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىمۇ مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى ۋە نىزاملارنى تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەمۇرىي ئىشلار قانۇن قۇرۇلۇشى يىپ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە، ساغلام راۋاجلىنىش، گۈللىنىپ ياشناش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي

باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن - نىزاملىرى كۆپ، بۇنداق ئەھۋال باشقا قانۇن ساھەلىرىدە ئاز ئۇچرايدۇ. ماركس: «......مەمۇرىيەت دۆلەتنىڭ تەشكىلىي پائالىيىتىدۇر»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەمۇرىي پائالىيەت دۆلەتنىڭ خاراكتېرى ۋە فونكسىيەسىنى ئەڭ بىۋاستە گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ باشقا ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. دۆلىتىمىز نۆۋەتتە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە تۈرلۈك رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئىسلاھات قانۇن ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ۋە قوغدىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئالدىن مۆلچەرلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەت ئىستىلىدا ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىيوكراتلىق، بۇيرۇقۋازلىق، ئىمتىيازلىق ئىدىيەسىنى ئۈنۈملۈك تۈردە يېڭىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى، ئاخىرىدا دۆلەتنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى جۇشقۇن - روھلۇق كەيپىياتقا ئايلاندۇر-غىلى، دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنى ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ چاكارلىرىغا ئايلان-دۇرغىلى بولىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە كىشىلەر «مەمۇرىي» دېگەن سۆزدىن بىزار بولغانلىقى ئۈچۈن، «مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى»نى تىندىكى تەشۋىقات - تەتقىقاتقا سەل قارىماقتا. بۇ بىزنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى كەڭ خەلق ئاممىسى-نىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇشىمىزغا، پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىغا قاتنىشىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشىمىزگە تولىمۇ پايدىسىز. شۇڭا بۇ بىزنىڭ تېگىشلىك دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

يولداش جاڭ زېمىن جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىل-لىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بو-لۇپمۇ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ...... شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يەنىلا مۇشكۇل ۋەزىپە. دېموكراتىيە بولمىسا، سوتسىيالىزىممۇ بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنىڭ گەۋدىلىنىشى ۋە كاپالىتى» دەپ كۆرسەتتى. بۇ يەردە ئېيتىلغان قانۇن - تۈزۈم ئەلۋەتتە بىز-نىڭ مەمۇرىي ئىشلار قانۇن ۋە نىزاملىرىمىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز بۇ ئىشقا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە.

① ماركس: «پىروسىيەلىكلەر، «ۋە پىروسىيە پادىشاھى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات» ماقالە، «ماركس ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 479- بەت.

# ئىپتىدائىي ئېتىقاد بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم رەھمان

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەنىۋى دۇنيادا شەكىللىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسى. «دىن» دېگەن بۇ ئۇقۇم كەڭ مەنىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرىدىن پەيدا بولغان كۆپ خۇدالىق ستىخىيىلىك دىنلار بىلەن ئۇنىڭ راۋاجى ۋە داۋامى بولغان ئىجتىمائىي تۈسكە ئىگە بىر خۇدالىق دىنلارنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، كېيىنكىسى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. شۇنداق بولغاچقا بۇ ئىككى خىل دىنىي ئېتىقادنىڭ مەزمۇن ماھىيىتى ۋە سىستېمىسى بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە بۇ پەرقلەرنى شەرتلىك ھالدا ئېتىراپ قىلىش فولكلورشۇناسلىق ۋە دىنشۇناسلىقتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئېتىقاد ـــ ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىشتەك تارىخىي جەريانلىرى

---

شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمىز جۈملىدىن مەمۇرىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمىز تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلىنىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ كاپالەتچىلىك رولىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ ۋە جارى قىلدۇرىدۇ. بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قولدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىدە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ـــ تەتقىق قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىجابىي، سەلبىي تەجرىبە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك مەمۇرىي قانۇن ـ تۈزۈم سىستېمىسى ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىلمىي بەرپا قىلىش يولىدا تىرىشىشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. ئېتىقاد — ئىنسان پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي مەۋجۇت بولغان ھادىسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئىنسانلار ھاياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرىدىن پەيدا بولغان بىر خىل پىسخىك ئاڭ فورمىسىدۇر. دۇنيادا ئېتىقادسىز ھاياتلىق بولغان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئېتىقاد خاراكتېرلىك تۇرلۇك تۇمەن ئادەتلەرنى ئادەتتە مەنىۋى ئادەت دەپمۇ ئاتايمىز. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ئىنسان مەنىۋىيىتىدە شەكىللىنىدىغان ھادىسىدۇر. شۇڭا مەنىۋى ئادەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرە ئىنتايىن كەڭ ۋە خىلمۇ - خىل بولۇپ، ئومۇمەن دىنىي ئادەتلەر، ئېتىقاد (ئېتىنىڭ ئەقىدە)، سېھىر، پەرھىز، مۇراسىم (ھېيت - بايراملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەمدە ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى... قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەنىۋى ئادەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا شۇ نەرسە ھېس قىلىندۇكى، مەنىۋى ئادەتلەر داۋاملىق ھالدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۇ ئادەتلەرنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرمۇ ھەمىشە دېگۈدەك مەنىۋى ئادەت تۈسىدە ئىپادىلەنگەن. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مەنىۋى ئادەتلەر ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، مەنىۋى دۇنيادا شەكىللىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ يەردىكى دىن ئۇقۇمى تەبىئىي خاراكتېر ئالغان ئىپتىدائىي دىن (نەرسىلەرگە چوقۇنۇش — (拜物教)، توتېم ئېتىقادى — (图腾崇拜)، ھايۋانلارغا چوقۇنۇش — (动物崇拜)، ئۆلۈككە چوقۇنۇش — (死者崇拜)، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش — (祖先崇拜)، جىنغا چوقۇنۇش — (多鬼崇拜)، كۆپ ئىلاھقا چوقۇنۇش — (多神教)، تەبىئەتكە چوقۇنۇش — (自然崇拜) ۋە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئىنسان شەخسىيىتى ئۈچۈن يارىتىلغان ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك دىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىي خاراكتېرلىك ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن ئۇنىڭ راۋاجى ۋە داۋامى بولغان ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك دىنلار ئوتتۇرىسىدا تۈپ ماھىيەتلىك پەرقلەر بولۇشتىن قەتئىينەزەر، «دىن دۇنياسى پەقەت رېئال دۇنيانىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.»①

دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي باسقۇچىدا

① ماركس - ئېنگېلس: «دىن توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1969- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 10- بەت.

سىستېمىسىز، مەزمۇنى ئاددىي، گەۋدىسى مۇكەممەل بولمىغان كۆپ خۇدالىق سىتىخىيىلىك دىنلار بارلىققا كەلگەن. ئىپتىدائىي دىنلارنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن ئۈچ چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىش مۇمكىن.

1- تەبىئەتكە چوقۇنۇش

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى گۆدەكلىك دەۋرىدە ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان ئالەمنىڭ سىرىنى بىلمىشتىن مەھرۇم بولغاچقا، تەبىئەت ئالدىدا ئاجىزلىق قىلغان. نەتىجىدە كىشىلەر دائىم يولۇقتۇرۇپ تۇرىدىغان، ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان. چوقۇنۇلىدىغان بۇنداق ئوبيېكتتا سەزگۈ بىلەن ھېس قىلغىلى بولىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەر بولغانىدىن تاشقىرى، سەزگۈ بىلەن ھېس قىلغىلى بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلەرمۇ شۇ نەرسىگە تېڭىلغان. نەرسىلەرگە چوقۇنۇشنىڭ بۇ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئېتىقاد قىلىدىغان كونكرېت ئوبيېكتلارغا تېخى «ئىلاھىي» تۈس بېرىلمىگەن، پەقەت بۇ خىل نەرسىلەردە تەبىئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خۇسۇسىيەت بار، دەپ قارالغان. كېيىنچە، ئوبيېكتىپ نەرسىلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى تەدرىجىي ھالدا مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە چوقۇنۇلىدىغان ئوبيېكت كۆرگىلى ۋە سەزگىلى بولىدىغان مەنبەگە ئىگە بولغانىدىن تاشقىرى، يەنە كۆرگىلى، تۇتقىلى، سەزگىلى بولمايدىغان، ئەمما ئالدىنقىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم، ھەرىكەتچان بولغان سىرلىق مەنبەگە ئىگە، بۇ مەنبە تەبىئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچلەر خاراكتېرىنىڭ مۇجەسسەمى — «ئىلاھ» دىن ئىبارەتتۇر، دېگەن قاراش شەكىللەندى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىككى مەنبەچىلىك (原始二元论) نەزەرىيىسى بارلىققا كېلىپ، تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشتى. بۇنداق «ئىلاھ» لار ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا ھېسسىياتىدا ئابستراكت چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولغان كونكرېت ئوبراز ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قارام كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈمىدىنى ئاشۇ «ئىلاھ» لارغا بېغىشلاپ تەبىئىي ھالدا تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆككە (ئاسمانغا) چوقۇنۇش: كۆككە بولغان ئېتىقاد قۇياش تەڭرىسىگە مەركەزلەشتى. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تەبىئىي ھادىسە — كائىناتنى «تەڭرى» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنى «يورۇقلۇق ئالەم» دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان. «تەڭرى» ئاتالغۇسى ئەسلىدە ئالتاي

شامانىستلارنىڭ تىلى بولۇپ، «كائىنات»، «كۆك»، «ئاسمان» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى، بارا-بارا «خۇدا» (ئاللا) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئىلاھ» نامى بولۇپ قالغان. كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان ئىلاھ شۇنىڭ ئۈچۈن «تەڭرى» دەپ ئاتالغان ۋە قەدىمكى ئالتاي ئەپسانىلىرىدا بۇ «تەڭرى» نىڭ «قاراخان» دېگەن خاس ئىسمىمۇ بولغان. ئۇ خۇددى قەدىمقى يۇنان مىفلىرىدىكى قۇياش خۇداسى — ئاپوللوغا، ئىران مىفلىرىدىكى قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى — مىتراغا ئوخشاش يورۇقلۇق ۋە بەخت ئاتا قىلغۇچى بۈيۈك تەڭرىدۇر. كۆككە چوقۇنۇش قۇياشنى مەركەز قىلغان، ھالدا ئاسمان گۈمبىزىدە چىمىرلاپ تۇرغان ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا بولغان ئېتىقادنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئېتىقادى كېيىنچە خەلق ئارىسىدا ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە تولىمۇ قىزىقارلىق بولغان ئاسترو-كوسمولوگىيىلىك قاراشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان.

تۇپراققا چوقۇنۇش: بۇ ئېتىقادنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇ تۇپراقتىن ئىبارەت ماددىي ئاساسقا تايىنىپ ھايات كەچۈرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى — يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئىدوق يەر-سوب» (مۇقەددەس يەر-سۇ) دەپ ئاتالغان. «ئىدىقۇت» دېگەن نام ئاشۇ ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان. (ئىدىقۇت - قۇت بەرگۈچى خۇدا دېمەكتۇر). ئەنە شۇ تۇپراققا چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي مىفلىرىدا ئەكس ئېتىلگەن «ئادەم توپىدىن يارالغان» دېگەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. يەر (تۇپراق) ئېتىقادى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تاغ ئىلاھى، سۇ ئىلاھى، ئورمان (دەل-دەرەخ) ئىلاھى قاتارلىق روھلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولغان يەر-سۇ روھلىرىنىڭ ئەڭ ئومۇملۇق ۋەكىلى تاغدۇر. تاغلارنىڭ يۈكسەك ھەيۋىتى قەدىمكى دەۋرلەردە ئىككى خىل تونۇشنى پەيدا قىلغان: بىر خىلى، تاغ - تەڭرىلەرنىڭ يولى بولۇپ، ئىلاھىي كۈچكە ئىگە دەپ قاراش؛ يەنە بىر خىلى، تاغلار خىيالىي روھلارنىڭ ماكانى دەپ قاراش. مانا شۇ ئىككى خىل تونۇشتىن تاغلارنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئېتىقادى كېلىپ چىققان. خۇددى قەدىمكى يۇنانلىقلار ئولىمپوس (ئولىمپىك) تېغىنى «خۇدالارنىڭ دەرگاھى» دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرمۇ ئۆتۈكەن، خانتەڭرى، ئۇلۇغ تاغ (يەتتە سۇ ۋىلايىتىدە) قاتارلىق ئۈچ تاغنى «خۇدالار دەرگاھى» دەپ ئولىمپوس تېغىغا تەڭلەشتۈرگەن. بۇ مۇقەددەس تاغلارغا بولغان ئېتىقاد تۈپەيلى ھون، كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاندانلىقلىرى ئۆتۈكەننى ئۆزلىرىنىڭ پايتەختى قىلغان. «ئاقساقاللار كېڭىشى» ۋە «دۆلەت مەجلىسى» لىرىنى ئاشۇ مۇقەددەس تاغلارنىڭ ئۈستىدە

ئۆتكۈزگەن.

سۇ ۋە ئوتقا چوقۇنۇش: سۇ ۋە ئوتقا بولغان ئېتىقاد چوڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ ئومۇملاشقان ئىككىنچى خىل ئىپتىدائىي شەكلىدۇر. سۇنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئورنى، ۋە ئۇنىڭ پاكلىقى، بەزىدە كەلكۈن، بەزىدە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئىپتىدائىي ئىنسان چۈشەنچىسىدە «سۇ ئىلاھى» نىڭ كارامىتى دەپ قارالغان. نەتىجىدە سۇ (دېڭىز، دەريا، كۆل، بۇلاق، يامغۇر...) نى مۇقەددەس بىلىپ، كۆپ خىل سۇ ئىلاھلىرىنى ياراتقان. سۇ ئېتىقادى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن كۆپلىگەن خاقانلار ۋە قەھرىمانلار ئۆزلىرىنى سۇ ئىلاھىنىڭ پەرزەنتلىرى دەپ ھېسابلاپ، ئىسمىنىڭ بېشىغا سۇنى ئىپادىلەيدىغان «كۆل» سۆزىنى قوشۇپ ئاتاشقانىدى. مەسىلەن: «كۆل ئەركىن»، «ئۇيغۇر قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان»، «كۆل بىلگە قاغان» «كۆلتېكىن»، «بىلگە كۆل قىدىرخان»، «كۆل تارقان» قاتارلىقلار. ئوت ئېتىقادىمۇ ئىنسانلار تارىخىدا نىسبەتەن كەڭ يېيىلغان ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بىرى. ئىنسانلار بىلەن ئوت ئوتتۇرىسىدىكى زىچ ئالاقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچتىن مەدەنىيەتلىك باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، ئوتنىڭ دەسلەپكى بايقىلىشى ناھايىتى سىرلىق بولغاچقا، ئۇ ئىپتىدائىي ئېتىقاد تۈسى بىلەن تولۇپ تاشقان. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس ئوت ئىلاھى بارلىققا كەلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئالەمنىڭ نېگىزى ــ ھاياتلىقنىڭ ھۆلى بولغان «تۆت زات» (تۆت تادۇ ــ ھاۋا، تۇپراق، سۇ، ئوت) قارىشىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئەگەر مەسىلىگە مۇشۇنىداق قارالسا، تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېتىقادنىڭ ئېتىنىك مەركىزىدە يەنىلا ئالەمنىڭ ماددىلىقىدىن ئىبارەت تۈپ ئاساسىنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

2. توتېم ئېتىقادى (توتېمىزم)

توتېمىزم ــ بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادتا قەبىلە ۋە قانداشلىق تاسىمىسى كىشىلەرنى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇپ تۇرىدىغان دەۋرگە كەلگەندە بارلىققا كەلدى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار قەبىلىنىڭ بىرلىكىنى پۈتۈن قەبىلە ئەزالىرىنىڭ بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئوخشىمىغان قەبىلىلەر ئوخشىمىغان مەنبەلەر (ئەجدادلار)گە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا ھەربىر قەبىلە ئۆز ئەجدادىنى ئەتراپىدىكى ئۆزلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان ھايۋاناتلار دۇنياسى ۋە ئۆسۈملۈكلەر (دەل ـ دەرەخلەر) دۇنياسىدىن ئىزدىدى. ئۆزئارا بىرـ بىرىگە ئايلىنىش كۆزقارىشى بىز خىل قىياسقا ئىدىيىۋى ئاساس ھازىرلاپ بەردى،

شۇنىڭ بىلەن توتېم ئېتىقادىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولغان ھايۋاناتلارغا چوقۇنۇش ۋە دەل-دەرەخلەرگە چوقۇنۇش كېلىپ چىقتى. لېكىن ھايۋانلارغا چوقۇنۇش بىلەن توتېمىزم پۈتۈنلەي بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ناھايىتى كەڭ چۈشەنچىدۇر. توتېمىزم بولسا، ئۇرۇق دەپ ئاتالغان ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ (جەمئىيەت) ئەزالىرىنى مۇقەددەس سانالغان بەزى مەخلۇقلارغا ياكى شەيئىلەرگە باغلىغان ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنلاردىن بىرى. ئەنە شۇ دىندىن توتېم (Totem) ئېتىقادى كېلىپ چىققان. توتېم — شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ تىلى بولۇپ، «ئۇنىڭ ئۇرۇقى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇ سۆز قەدىمكى تۈركىي تىلدا «ئونگون» دېيىلىپ «ئوزۇق بولسۇن»، «قۇتلۇق بولسۇن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.

توتېم — بىر ئۇرۇقنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلىغان بەزى مەخلۇقاتلار ۋە نەرسىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بەزىدە بىر ھايۋان، بەزىدە بىر ئۆسۈملۈك، بەزىدە دېڭىز، يامغۇر ۋە يۇلتۇزلار بولاتتى. ئومۇمەن، ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆز توتېملىرىنى ئېتىقاد سىمۋولى سۈپىتىدە چىدىرلىرىغا، قالقانلىرىغا، بايراقلىرىغا... سىزىشاتتى. قەدىمكى ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىدە بىرى شەخسىي، يەنە بىرى ئومۇمىي بولۇپ ئىككى توتېم بولاتتى. كۆپلىگەن ئالىملار توتېمغا چوقۇنۇش ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بولغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ قارايدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە توتېملار ئىنسانلارغا قارىغاندا ناھايىتى زور ئىقتىدارغا ئىگە بولغاچقا، ياكى ئىلاھ دەپ قارالغاچقا، ئۇلارغا چېقىلىش قەتئىي مەنئى قىلىنغان. بۇ ناھايىتى ساددا چۈشەنچە بولسىمۇ، لېكىن ئەينى تارىخىي شارائىتتا ئىپتىدائىي ئۇرۇق ئەزالىرى بۇ خىل خىيالىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ باشقا ئۇرۇق كوللېكتىپىدىن (قەبىلىدىن) پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن توتېمىزم مۇئەييەن ئېتىقاد نۇقتىسىدا ھەم بىر خىل ئىپتىدائىي دىن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ھەم ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش، ئۇرۇق جامائەلىرى باشقا ئۇرۇق جامائەلىرىدىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن تەبىئەتتىن تاللىۋالغان بەلگە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

3 - ئانىمىزم (روھلارغا چوقۇنۇش) ئېتىقادى:

ئانىمىزم ئومۇملۇق جەھەتتىن بارلىق شەيئىلەردە ئىنسان روھىغا ئوخشاش «مەڭگۈلۈك روھ» نىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلغان قاراشنىڭ نامى. ئانىمىزم پۈتۈنلەي دېگىدەك مەۋھۇم غەيرىي روھلارغا چوقۇنۇپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تېخىمۇ

سىرلىقلاشتۇرۇشنى ئۆزىگە باش پرىنسىپ قىلغان. ئانىمىزم XIX ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك فولكلورشۇناس تىلور تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاتالغۇ بولۇپ، لاتىنچە «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئانىمىزمنىڭ قارىشىچە، روھ خالىغان ۋاقىتتا بەدەندىن ئايرىلىپ، يەنە خالىغان ۋاقىتتا بەدەنگە قايتىپ كېلىدۇ، ئۆلگەنلەر يەنە ياشايدۇ، ئۆلۈكلەر دۇنياسى ھاياتلار دۇنياسىنىڭ ئەكسى، بىزنىڭ كېچىمىز ئۇلارنىڭ كۈندۈزى، ئۇلارنىڭ كۈندۈزى بىزنىڭ كېچىمىز، شۇ سەۋەبتىن يەر يۈزىدىمۇ كېچە (قاراڭغۇلۇق) بولىدۇ. ئانىمىزمدا ئۆلۈش بىلەن بەدەندىن ئايرىلغان روھلار «پاك روھلار»، «يامان روھلار» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەجدادلار روھىنى «پاك روھ» ھېسابلاپ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى شەكىللەنگەن. تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا شەكىللەنگەن «ھەممە نەرسىدە روھ بار» دەيدىغان قاراش ياكى ئېپتىدائىي «ئىككى مەنبەچىلىك» قارىشى ئەجدادلار (بوۋىلار) غا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

ئانىلىق ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە قەبىلە باشلىقلىرى سايلاپ چىقىلغاندىن كېيىن بۇ قەبىلە باشلىقلىرى ئۇرۇق كوللېكتىپى ئارىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ۋە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولىدى. ئۇرۇق ئاقساقاللىرىغا بولغان سېغىنىش، ھۆرمەت، تەلپۈنۈش ھېسسىياتلىرى «روھ ئۆلمەيدۇ» دېگەن ئېپتىدائىي قاراش بىلەن بىرلىشىپ ئۆلگۈچىگە بولغان دىنىي پوزىتسىيە ئاستا ـ ئاستا ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادىغا ئايلاندى. ئېپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدىكى مەۋھۇم روھقا ئالاقىدار ئۇقۇمنىڭ پەيدا بولۇشى مانا شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: «يىراق قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەن تۈزۈلۈشىنى پۈتۈنلەي بىلمىگەنلىكى ھەمدە چۈشىدىكى نەرسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئارقىسىدا، ئۇلاردا، تەپەككۇرىمىز بىلەن تۇيغۇمىز تېنىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە بولغان، تەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئادەم ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ كېتىدىغان جاننىڭ ھەرىكىتىكەن، دېيىدىغان ئىدىيە بارلىققا كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر مۇنداق جاننىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولدى. ئەگەر جان ئادەم ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ كېتىپ داۋاملىق ھايات تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئۆلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشىغا ئاساس قالمايدۇ. مۇنداق ئىدىيىنىڭ شۇ تەرەققىيات باسقۇچىدا ۋۇجۇدقا كېلىشى ھەرگىز بىر تۈرلۈك تەسەللىي ئەمەس، بەلكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر تۈرلۈك تەقدىر ئىدى... شەخسنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تېتىقسىز ئويدۇرمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پەيدا بولۇشىغا دىنىي جەھەتتىكى تەسەللىينىڭ ئېھتىياجى

ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نادانلىقتا تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا مەۋجۇت دەپ قارالغان جانىنى تەن ئۆلگەندىن كېيىن زادى نېمە قىلىشىنى بىلمەسلىكى سەۋەب بولغانىدى.»①

دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە روھىناتلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى بولغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە نۇرغۇن قەدىمكى قەۋرىستانلىقلاردىن جەسەتنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان ئوقيا، كېيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تېپىلدى. بۇ ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ھايات بولغاچقا، ئاشۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ، دەيدىغان ئانىمىزملىق ئېتىقادنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماكانلىرىدا ئادەم شەكلىدە ياسالغان ناھايىتى نۇرغۇن بالبال تىكلەنگەن، بۇمۇ ئەجدادلىرى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان روھىي ھەيكەلدۇر. ئەنە شۇنداق «ھەممە نەرسىدە روھ بار» دەيدىغان قاراشنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ھەر خىل جىن (يەگ) لارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى كېلىپ چىققان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى جىن - ئەرۋاھلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماكانىدىن (ئادەم تېنىدىن ياكى نەرسىلەردىن) ئايرىلغان روھنىڭ مۇستەقىل جىسىمغا ئايلىنىشىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە ئۇلار (جىن - ئەرۋاھلار) ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئۈستۈن كۈچكە ۋە بەھەيۋەت كۆرۈنۈشكە ئىگە، ئۇلار پىنھان ماكاندا تۇرۇپ بىزنى كۆرەلەيدۇ، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ، ئەمما بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز ۋە سېزەلمەيمىز، ئۇلار تەبىئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بىزگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، قىسقىسى، ئۇلار ھەممىگە قابىل ۋە قادىر، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دەرەخنى، بەزىلىرى تاغلارنى، بەزىلىرى ئۆڭكۈرلەرنى،... قىسقىسى خىلۋەت جايلارنى ماكان تۇتۇپ، شۇ جاينىڭ ئىگىسىگە ئايلانغان... دېگەندەك غەيرىي قاراشلار شەكىللەنگەن. بۇ قاراشلار نېگىزىدە جىنلارنىڭ ئوبرازىدا ياخشى - يامان سۈپەتلەر پەيدا بولغان. سېھىرگەرلىك، ئەپسۇن - ئەرۋاش يولى بىلەن يامان سۈپەتلىك جىنلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن قوغدانغان... ۋەھاكازالار.

دېمەك، ئانىمىزم ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش، كۆپ خىل جىنلارغا چوقۇنۇشتەك كۆپ ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە مەنسۇپتۇر. لېكىن جىنلارغا چوقۇنۇش بىلەن كۆپ ئىلاھلىق دىن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى تەبىئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاتالمىش «جىن - يەگ» بىلەن روھىي مەئبۇت ئىلاھ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ.

ئادەتتە «ئىلاھ» لار تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: 1) ھەممىگە

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، (پەلسەپە قىسمى)، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، 99-، 100- بەتلەر.

قابىل ۋە قادىر كېلىدۇ. 2) بىز دۇنيانىڭ سىرتىدا ياشايدۇ، بۇ دۇنيادا ياشىغان تەقدىردىمۇ كىشىلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدە بولمايدۇ. 3) ئاقكۆڭۈل ۋە شەپقەتلىك كېلىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھىمايىچىسى ۋە ياخشىلىق مۇجەسسىمى. 4) ئىنسانىي سۈپەتكە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىنسانىي سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان خاس ئىسىملىرى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، جىنلار ئادەم سۈپىتىگە ئىگە ئەمەس، شۇنداقلا خاس ئىسمىمۇ يوق. ئۇ ھەم ياخشىلىق ھەم يامانلىق ھامىيسى سۈپىتىدە تۈمەن خىل ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدۇ. كۆپ ئىلاھلىق دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىيات دەۋرى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ چىققان بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئاستا-ئاستا پارچىلىنىپ، سىنىپىي جەمئىيەت شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرى بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى دىن دېيىشكە بولمايدۇ. لېكىن بۇ خىل ساددا قاراشلارنىڭ كېيىنكى دىنىي ئېتىقادلارنىڭ شەكىللىنىشىدە بەلگىلىك رولى بولدى. ئېنگېلس كېيىنكى سۈنئىي دىنلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى چۈشەندۈرگەندە، ستىخىيىلىك دىنلار-نىڭ قوشقان تۆھپىسىنى مۇۋاپىق باھالاپ، مۇنداق دېگەنىدى: «بىراق، بۇ خۇدانىڭ ئۆزى — ئۇزاق مۇددەتلىك ئابستراكتسىيىلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ مەھسۇلى، ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىۋى خۇدالار ۋە مىللىي خۇدالارنىڭ توپلانمىسىنىڭ جەۋھىرى. بۇنىڭغا ماس ھالدا بۇ خۇدادا ئەكس ئەتكەن ئادەممۇ رېئال ئادەم بولماستىن، ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان رېئال ئادەملەرنىڭ جەۋھىرى — ئابستراكت ئادەم. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزى يەكىردىكى ئوبراز.»① دەرۋەقە، توتېمىزم ۋە ئانىمىزمنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى تەسىردە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە بولغان شامانىزم بارلىققا كەلگەن. لېكىن شامانىزممۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يېتىلىنىپ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇندۇرمىسى سۈپىتىدە خېلى ئۇزاق دەۋر ھۆكۈم سۈرگەن، تەسىردائىرىسىمۇ كەڭ بولغان. ئەمما شامان دىنىدىكىلەرنىڭ گەرچە «قام» دەپ ئاتالغان دىنىي ئادىمى بولسىمۇ، لېكىن يا ئىبادەتخانىسى، يا خاس مۇقەددەس كىتابلىرى بولمىغان.

شامانىزم «يامان روھلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرۇش ۋە ياخشى روھلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش» تىن ئىبارەت ئاساسىي پىكىر ئۈستىگە قۇرۇلغان، شامانىزمنىڭ قارىشىچە، دۇنيا (كائىنات) ياخشى روھلار ۋە يامان روھلار بىلەن تولغان، شامان (قام، كاھىن) دەپ ئاتالغان دىنىي ئادىمىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يامان روھلار قوغلىنىدۇ، ھەتتا قوغلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇلار دۈشمەن

① ئېنگېلس: «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى. ئۇيغۇرچە نەشرى، 122-، 123- بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە بالا - قازا تەرىقىسىدە ئەۋەتىلىدۇ، ياخشى روھلارنىڭ ياخشىلىقلىرى داۋام قىلدۇرۇلىدۇ. شامانىستلار ئالەمنى ئۈچكە يەنى جەننەت — پەرىشتىلەر ماكانى، يانى دۇنيا (يەر ئۈستى) — بەندىلەر (ئىنسانلار) ماكانى، جەھەننەم (يەر ئاستى) — جىن - شەيتانلار ماكانى دەپ بۆلگەن. دىنىي ئىمتىياز جەھەتتە شامان (پىرىخۇن، باخشى) لار ھەممىگە قابىلىمىز دېيىشىدۇ. ئۇلار يامان روھلارنى قوغلاپ، بىمارلارنى داۋالىغاندىن سىرت، پال ئېچىش، سېھىرلەش، چۈشكە تەبىر بېرىش ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدۇ. ئاشۇ سەۋەبتىن شامانىزم دەۋرىدە ئەپسۇنچىلىق، رەممالىق ۋە سېھىرگەرلىك كامالەتكە يەتكەن. شامانىزم ئالدى بىلەن ئۇرال - ئالتاي قەۋملىرى ئارىسىدا پەيدا بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى مۇشۇ رايوندىكى خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان. ئۇيغۇرلارمۇ تارىختا ئۇزاق ۋاقىت ئېتىقاد قىلغان دىن شامانىزم بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى قويۇق ساقلىنىپ قالغان. ساپ ئىسلام مۇھىتىدا ياشاپ، ئىجات قىلغان مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا شامان دىنىغا ئائىت 40 دىن ئارتۇق سۆزلەمنى ئىزاھلاپ، ئىسلام دىنى شارائىتىدىمۇ خەلق تۇرمۇشىدا شامان تەسىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا گوۋاھلىق بەرگەن.

دېمەك، تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ تەرەققىياتى بولغان روھىناتلارغا چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان ئالاھىدە ئېتىقاد شەكىللىرى ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەممىسى تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ھەر خىل ئىپادىلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىن كېلىپ چىققان ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ يالغان ئىنكاسىدۇر.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولغان يۇقىرىقىدەك ئېتىقاد شەكىللىرى مەزمۇن ماھىيىتى جەھەتتىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس - لاشقان بولۇپ، ئۇزۇق كوللېكتىپنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ فولكلور تەتقىق قىلىدىغان تەبىئىي خاراكتېرلىك ئېتىقاد ئادەتلىرى دائىرىسىگە كىرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا ئۇ، سىنىپىي جەمئىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن سىنىپىي مەنپەئەت ئۈچۈن يارىتىلغان دىنلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ 1) خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلارنىڭ مۇقىملاشقان تەشكىلى ئاپپاراتى بولمايدۇ. ئەكسىچە، كېيىنكى سۈنئىي يارىتىلغان دىنلارنىڭ مەخسۇس دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي گورۇھ ئاپپاراتلىرى بولىدۇ. مەسىلەن: خىرىستىئان دىنى جەمئىيىتى، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتى، يەھۇدى دىنى جەمئىيىتى، داۋجاۋ دىنى جەمئىيىتى، شىنتو دىنى جەمئىيىتى (ياپونلارنىڭ دىنى) ھىندۇ دىنى جەمئىيىتى قاتارلىق دىنى ئاپپاراتلار ۋە ئۇنىڭ شۆبە تەشكىلاتلىرى ئۆز ئېتىقادچىلىرىنى تەشكىللەيدىغان مۇقىم ئاپپاراتلاردۇر. ۋەھالەنكى، قەدىمكى

خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل ئېتىقادلار تېخى مۇنداق مۇستەقىللىققا ئىگە تەشكىلىي ئاپپاراتلارغا بۆلۈنمىگەن.

2) خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بەلگىلىك چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ چوقۇنىدىغان ئوبيېكتى كۆپ خىل. لېكىن كېيىنكى دىنىي ئېتىقادنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بەلگىلەنگەن يېگانە چوقۇنۇش ئوبيېكتى بار، خۇددى خىرىستىيان دىنىدىكىلەر ئاسمانغا، ئىسلام دىنىدىكىلەر «ئاللاھ» ياكى خۇداغا، بۇددا دىنىدىكىلەر بۇددا (بۇت) قا ئېتىقاد قىلغىنىغا ئوخشاش.

3) خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ ئېتىراپ قىلىنغان ياراتقۇچىسى بولمايدۇ. بۇنداق ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنى قەدىمكى ئەجدادلار كوللېكتىپ، ستىخىيىلىك ھالدا ئىجاد قىلغان. ئەكسىچە، كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ياراتقۇچىسى ياكى پەيغەمبىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيدا بولغان دەۋرىمۇ ئېنىق بولىدۇ.

4) خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلاردا ھېچقانداق دىنىي مەزھەپ شەكىللەنمىگەن. ئۇ تارقىلىش جەھەتتە ستىخىيىلىك ھالدا مەلۇم خەلق توپى ياكى مۇئەييەن رايون بىلەن چەكلەنگەن. ۋەھالەنكى، كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەر قايسىسىدا ئوخشىمىغان كۆپ خىل مەزھەپلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: بۇددا دىنى شىزاڭغا تارقالغانىدىن كېيىن ئۇ يەردە لاما دىنى (مەزھىپى) بولۇپ شەكىللەندى. لاما مەزھىپىدە يەنە «نىڭما مەزھىپى»، «زاجا مەزھىپى»، «گېلۇ مەزھىپى» قاتارلىق مەزھەپلەر بارلىققا كەلدى؛ خىرىستىيان دىنىدىمۇ «كاتولىك مەزھىپى»، «ئورتودوكس مەزھىپى»، «پروتېستانلىق مەزھىپى» قاتارلىق ئۈچ چوڭ مەزھەپ بار؛ ئىسلام دىنى بىر قەدەر چوڭ سەككىز مەزھەپتىن تەشكىل تاپقان، بۇلار: سۈننىي (ھەنەفىيە، شافىي، مالىكى، ھەنبەلى)، شىئە (زەيدى، جەئفىرى، ئىسمائىلى، ئالەۋى)، خارىجى، باخائى، ئەھمەدى، دروزى، يەزىدى ۋە ساباتائىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىچىدە سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ. دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 80 پىرسەنتى سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە.

5) خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ مۇكەممەل ئېتىقاد سىستېمىسى يوق. كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە. قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ گەرچە ئېتىقاد مەزمۇنى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تارقاق ۋە قالايمىقان ھالەتتە بولۇپ قانۇنلاشمىغان. كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇكەممەل سىستېمىلىق دىنىي دەستۇرى بار. مەسىلەن، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «قۇرئان كەرىم» بولۇپ، ئۇ 114 سۈرە، 6247 ئايەتتىن تەركىب تاپقان؛ خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «ئىنجىل» دۇر. بۇددا دىنىنىڭمۇ ھەر خىل مۇقەددەس بۇددا نوملىرى بار.

6) خەلق ئارىسىدىكى قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇئەييەن قائىدە - قانۇنلىرى ۋە دىنىي ئەھكاملىرى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىر يۈرۈش ئېتىقاد ئاساسى مۇستەھكەم بولمىغان ئېتىقاد شەكلى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ھەممىدە ئۇنىڭدىكى ھەر خىل سېھىرلەر ۋە پەرھىزلەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي خاراكتېرلىك ئېتىقاد ئەنئەنىلىرى تەرىپىدىن ياكى مەۋھۇم «ئىلاھ ھۆكمى» تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. كېيىنكى دىنلاردا بولسا شۇ دىن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئېتىقاد ئەھكاملىرى ۋە دىنىي قائىدە - قانۇنلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇتلەق ئەمەل قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: بىرىنچى، ئېتىقاد ھۆكۈملىرى، ئىككىنچى، ئەمەلىي ھۆكۈملەر، ئۈچىنچى، ئەخلاقىي ھۆكۈملەردىن ئىبارەت. ھەربىر ھۆكۈمنىڭ مۇتلەق ھالدىكى كونكرېت مەزمۇنلىرى بولۇپ، ئۇنى ئەينەن ئورۇنداش مۇسۇلمانلىقنىڭ تۈپ شەرتى قىلىنىدۇ. خىرىستىيان دىنىنى ئالساق ئۇنىڭدىمۇ خىرىستىيانلارنىڭ قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك «ئون پەرز» ى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

7) خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقادنىڭ مەخسۇس ھۆكۈماسى ياكى كەسپىي دىنىي خادىمى بولمايدۇ. پەقەت پىرىخۇن ۋە سېھىرگەرلەر سودا خاراكتېرىنى ئالغان سېھىرى ۋاسىتىلار ئارقىلىق ستىخىيىلىك ھالدا ئىپتىدائىي دىنىي قاراشلارنى باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى دىن ھۆكۈمالىرىغا ئوخشاش دىنىي ئىمتىيازى ۋە تەشكىللەش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەكسىچە، كېيىنكى دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەخسۇس دىنىي كەسىپ قىلغان دىن تەشكىلاتچىسى بار. مەسىلەن؛ خىرىستىيان دىنىدىكى پاپا، روھانىي پوپ؛ ئىسلام دىنىدىكى ئەئلام، داموللا، ئىمام، مەزىن، قارى قاتارلىقلار؛ بۇددا دىنىدىكى دالاي، لاما، راھىپ قاتارلىق ئۆلىمالار شۇ دىنىنىڭ شەرىئەتلىرىنى، يۈرگۈزگۈچى ئاساسلىق تەشكىلاتچىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

8) خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇقىم مەيدانى بولمايدۇ؛ ئەكسىچە، كېيىنكى دىنلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇقىم ئىستىقامەت ئورۇنلىرى بار. مەسىلەن، ئىسلام دىنى جامە، مەسچىت، خانىقالارنى؛ بۇددا دىنى بۇتخانىلارنى؛ خىرىستىيان دىنى چېركاۋلارنى مەخسۇس دىنىي پائالىيەت سورۇنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىستىقامەت ئورۇنلىرى شۇ دىن مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى ھەشەمەتلىك ياسىلىدۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان دۆلىتى ھېسابلانغان ھىندونېزىيىدە 360 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار. جاكارتا شەھىرىنىڭ ئۆزىدىلا مەسچىتنىڭ سانى 5200 دىن ئاشىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرىدىكى بەيتوللا جامەسى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىستىقامەت قىلىدىغان مەركىزىي ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

9) خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقادنىڭ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن دىنىي مۇراسىملىرى،

ئىبادەت قىلىشىنىڭ تەرتىپ - نىزاملىرى، دىنىي كىيىم - كېچەكلىرى ۋە قوراللىرى بولمايدۇ، ئەكسىچە، كېيىنكى دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇراسىملىرى (ئىسلام دىنىدىكى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت مۇراسىمى؛ خىرىستىيان دىنىدىكى روژدېستوۋ بايرىمى، تىرىلىش بايرىمى (ئەيسانىڭ قايتا تىرىلگەنلىكىنى خاتىرىلەش بايرىمى قاتارلىقلار)، پەرقلىق دىن كىيىمى ۋە دىنىي قورال - سايمانلىرى (چىركاۋ قوڭغۇرىقى، بۇتخانا دۇمبىقى، بۇت چىرىقى، ئىسرىقدان ... مەسچىت جايىنامىزى قاتارلىقلار) بولىدۇ. مۇشۇنداق پەرقلىق بەلگىلەرگە قاراپ ھەرقايسى دىن مۇرىتلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

10) خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئاڭلىق ھالدا شەكىللەنگەن ئېتىقاد ئېڭى بولمايدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن ستىخىيىلىك ھالدا قارىغۇلارچە ئۆز ئېتىقادىغا مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن؛ كېيىنكى دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق ئېتىقاد ئېڭىغا ئىگە، ئۇلار ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ھەممىسە ئىشىغا شۇ دىنىي ئاڭ يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئىپتىدائىي دىن ئېتىقادچىلىرى ئاڭلىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قايسى دىن مۇرىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى پەرقلەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقاد ئادەتلىرى ناھايىتى روشەن ھالدا تەبىئىي ھالەتكە ۋە ستىخىيىلىك ھالەتكە ئىگە. مانا بۇ خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقادنىڭ ئىنتايىن چوڭ سىرلىقلىقى، كۆپ خىللىقلىقى، كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىلىقى، خۇراپىيلىقى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا خەلق تۇرمۇشى بىلەن ھەمنەپەسلىكتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرىنى بەلگىلىگەن. بىز بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى فولكلور نۇقتىسىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتنى بىلىش جەريانىدىكى ئوي - پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىغا باغلاپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

دەرۋەقە، خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار مۇكەممەل پەلسەپە ۋە ئەخلاق سىستېمىسىنى ئۆزىدە ھازىرلىمىغاچقا (ئەلۋەتتە ھازىرلىيالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس)، ئۇنىڭ ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيىتى ھامان ئۆزگەرمەي قالمايدۇ. ئىلمىي كوممۇنىزمنىڭ ماتېرىيالىستىك تەلىماتلىرى خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقانسېرى خەلق ئاممىسى ئاشۇ خىل ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ئادەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلمىي بولغان يېڭى ئېتىقاد ئېڭىنى تۇرغۇزىدۇ. بۇنداق ئاڭ ھەقىقىي ھالدا ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش رولىنى ئوينايدۇ.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1) «دۇنيادىكى يەتتە چوڭ دىن». جۇڭگو نەشرىياتى. 1987- يىل خەنزۇچە 3- قېتىملىق نەشرى.

2) «جۇڭگو فولكلورى». لياۋنىڭ داشۆ نەشرىياتى. 1985- يىل، خەنزۇچە نەشرى.

3) «دىن تارىخى». جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى. 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

# «قۇتادغۇبىلىك» مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى

ئابدۇللا ئۇمەر

جۇڭگو ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مول ماددىي بايلىقلارنى يارىتىش بىلەنلا قالماي يەنە، نۇرغۇن مەنىۋى بايلىقلارنى، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىمۇ يارىتىپ دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتقان. بۇ غەزىنە ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياراتقان مەدەنىيەت نەتىجىلىرىمۇ مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە. بىز تەتقىق قىلىۋاتقان «قۇتادغۇبىلىك» شۇنداق ئۇلۇغ مىراسلارنىڭ بىرىدۇر.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان چەت ئەل ئالىملىرى ۋە جۇڭگو تەتقىقاتچىلىرى «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە نۇرغۇن ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مول نەتىجىلەر قازاندى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى مۇناسىپ ئورۇنغا كۆتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ ئىش تېخى 50 - يىللاردىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، بۈگۈنگىچە بولغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە مول نەتىجىلەر يارىتىلدى. 1986 - يىلى تۇنجى قېتىم مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. 1989 - يىلى ئىككىنچى قېتىم مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. بۇ ئىككى يىغىندا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پەلسەپە، تىل - ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، مائارىپ، ئىنسان، ئەخلاق، ھەربىي، ئىسلاھات، دىن، قانۇن قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك 30 غا يېقىن مەزمۇن مۇھاكىمە قىلىندى. لېكىن «قۇتادغۇبىلىك» شۇنداق بىر بايلىقكى، ئۇنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ساھەلىرى بىلەن بولغان چوڭقۇر مۇناسىۋىتى ۋە ئالىمنىڭ ھەربىر مىسرادىكى مەقسىتى بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مائارىپ ئىدىيىسى (مائارىپ بىلىم ۋە ئۆگىنىش مەزمۇنىدا بېرىلگەن) «قۇتادغۇبىلىك» كاتېگورىيىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىدۇر. شۇڭا، قۇتادغۇبىلىك» مائارىپ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش «قۇتادغۇبىلىك» تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر مەزمۇن.

1

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزنىڭ پەخرىمىز. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە كىلاسسىك ئەدەبىيات ئۈنچىلىرىدىن گۈللەر تىزغان تالانتلىق شائىر، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، سىياسىي ئىدىئولوگىيىسى، دۆلەت قۇرۇلمىسىنى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى، مەۋجۇت ئىللەتلەرنى ئۆزىنى قاچۇرماستىن، رېئاللىقنى پەدەزلىمەستىن رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلغان، ئىلىمنىڭ كۈچىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان پەيلاسوپ، دۆلەتشۇناس، ئالىم ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئەجداد، قارا خانىلار دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتۈن خىسلىتى ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا نامايەن قىلىنغان. لېكىن بەزىلەر ئۇنى نوقۇل ھالدا، ۋەز - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى دىداكتىك ئەسەر دېيىشتى. مەسىلەن، ئا.كونونوۋ كىتابنىڭ نامى ھەققىدە توختىلىپ، بارتولد مالوۋلارنىڭ تەرەپىدىن كىتاب نامىغا بېرىلگەن تەرجىمىلەرگە باھا قىلغىنىدا «بۇنداق تەرجىمە قىلىش، بۇ دىداكتىك، ئەدەپ - قائىدىگە ئائىت داستاننىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى غايىۋى ھۆكۈمدارانىنى تەربىيىلەش ۋە نەسىھەت قىلىشقا قارىتىلغاندۇر» دەيدۇ. قەييۇم كەرىموۋ بولسا، «بۇ كىتاب پەندە - نەسىھەت، ئۈگۈت، تەلىم - تەربىيە، ئەخلاق ۋە ئەدەپ روھىدا يېزىلغان دىداكتىك ئەسەر ۋە ھېكمەت دەرسلىكىدۇر» دەيدۇ. لېكىن بۇلار، يۇقىرىقى باھانى كىتابنىڭ بىردىن - بىر قىممىتى سۈپىتىدە ئەمەس، گويا كىتابنىڭ ئەمچىلىكى سۈپىتىدە ئېيتقاندەك قىلىپ، يەنە بىر جايىدا ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بېرىشىدۇ. مەسىلەن، قەييوم كەرىموۋ: «مۇئەللىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىن خەۋەردار، بىلىم دائىرىسى كەڭ، ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان جەمئىي خىسلەت، پەزىلەت، ئەقىل - پاراسەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەندۈرگەن سىمادۇركى، ئۇ يېزىپ قالدۇرغان بۇ چوڭ ئەسەرنىڭ تولۇق تېكستى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ چىققاندىلا ئاندىن مۇئەللىپنىڭ قانداق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش مۇمكىن بولىدۇ» دېسە، ئا كونونوۋ: «خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆز مەزمۇنىدا ئومۇمىي ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان، كىشىلىك جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىدىغان يۈكسەك بەدىئىي غايىنى، تەپەككۇر ۋە ئىدىيىلىرىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن» دەيدۇ. ئەسقەر ئېگەمبايېۋ: «بۇ كىتاب پەقەت ئەدەبىي مىراسلا ئەمەس، پۈتۈن بىر تارىخىي مەزگىلنىڭ سۈرەت بەلگىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى ئاساسى چوڭقۇر ئېستېتىكىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روھىي غەزىنىمىزنىڭ ئاساسىي تېرىكى دېگەندەك قىممەتلىك دۇنيا» دەيدۇ. ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك»نى مەنسىتمىگەندەك قىلغان بارتولد: «ھەممىسى ۋەز نەسىھەتلەر بىلەن تولغان، تارىختىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىدىن ئۆرنەك بەرگەن دەرس ۋە تەربىيە كىتابلىرى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار» دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. (يۇقارقى ئىستاتىلار «چەت ئەل ئالىملىرى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» توپلىمىدىن ئېلىندى)

«قۇتادغۇبىلىك» ۋەز نەسىھەت خاراكتېرىدىكى داستان ئەمەس، بەلكى ئالىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي بازىس مۇقەررەر سۈرەتتە بەلگىلىگەن ئۈستىقۇرۇلما ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئۇزۇن يىللىق تەپەككۇر جەريانىنىڭ خۇلاسىسى، قاراخانىلار دەۋرى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تىپىك نامايەندىسىدۇر.

ئەسەردە باشتىن ئاياغ تۆت شەخسنىڭ سۆھبىتى بايان قىلىنغان. لېكىن، بۇ سۆھبەت شەخسلەرنىڭ ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى ھەققىدە نەسىھەت ياكى «ھەرقانداق ئادەمدە بولىدىغان نورمال ئاڭ تەركىبىدىكى ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەنگەن. سىستېمىسىز، ئاڭسىز دۇنيا قارىشىنىڭ پارچىلىرى» ئەمەس، بەلكى بۇ شەخسلەر ئوبرازلىق ۋاستە سۈپىتىدە يارىتىلغان پېرسوناژلار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال شەيئى ۋە شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ جەريانى ماھىرلىق بىلەن مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن دۇنيا قاراشنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىغا باغلانغان ئۇقۇملار كاتېگورىيىسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مەيدانغا قويۇلغان كونكرېت مەزمۇنلاردىن ئىبارەت. «ھەرقانداق دەۋرنىڭ پەيلاسوپلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي مۇۋاپىقىيەتلىرىنى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق يەنى بىر قاتار پەلسەپەۋى ئۇقۇملار — كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرىدۇ». ئەنە شۇ ۋاستىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئارزۇ ئارمانلىرى ۋە تارىخ چۈشەنچىلىرىنى ئىزاھلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيلاسوپنىڭ قارىشى، كاتېگورىيىلەر سىستېمىسىغا مەركەزلىشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى يەنى ئالەم، ئىنسان، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىقتىساد، ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئىددىيە قاتارلىق قاراشلىرىنى ئەسەردە بەرگەن تۆت شەخس سۈپەتلىرىنىڭ گارمونىك بىردەكلىكى بىلەن ئىپادىلىگەن.

ئەسەردىكى تۆت شەخس، كۈن تۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلار بولۇپ، ئادالەت ۋە قانۇندىن ئىبارەت بىر جۈپ ئۇقۇمنىڭ ۋەكىلى كۈن تۇغدى — ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگىنى دۆلەت ئىپادىسى شاھنى كۆرسىتىدۇ. ئايتولدى — بەخت بىلەن سائادەتنىڭ سىمۋولى، ئۆگدۈلمىش — بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ سىمۋولى، ئودغۇرمىش — ئاقىۋەت بىلەن قانائەتنىڭ سىمۋولى. بۇ تۆت شەخسكە سىڭدۈرگەن كاتېگورىيە سىستېمىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا

قارشىنىڭ نىگىزلىك يادروسى بولۇپ، شۇ ئۇقۇمىلا سىستېمىسىنىڭ جاھازلىرى بىلەن تۇرغۇزۇلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ غايىۋىي جەمئىيەتنىڭ ئىسكىلىتىدۇر. بۇ ئىسكىلىت «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى تۆت شەخسنىڭ تەبىئىتى ئارقىلىق بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ كۈچى بىلەن بەخت - سائادەتكە ئېرىشكەن، قانۇننىڭ كۈچى بىلەن بىلىمنى مۇستەھكەملىگەن يەنى بىلىمنىڭ، ئەقىلنىڭ ئۆز خىزمىتىنى تولۇق جارى قىلىش ئۈچۈن قانۇندەك مۇستەھكەم تاياچنىڭ كۈچكە تايانغان، پاراۋان، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بەخت - سائادەتلىك جەمئىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنىڭ چوڭقۇر ئىلمىي قىممىتى شۇنىڭدىكى، مۇئەللىپ تەلەپ قىلغان دۆلەت ئادالەتنى ھەرگىز پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى تەبىقە نوقتىئىنەزەرى بىلەن كۆزەتكەن نوقۇل ھالدىكى ئادالەت بولماستىن، بەلكى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن قاراخانىلار دەۋرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ھالقىپ، دېموكراتىك خاراكتېر ئالغانلىقىدادۇر.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

بۇ نوقتىنى قانۇن مەسىلىسىدىمۇ روشەن ئىپادىلەيدۇ.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا

بەخت - سائادەت، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەتمەكچى بولغان غايىۋى دۆلەتنىڭ نىشانى. ھەتتا يېقىلمايدىغان غايىۋى دۆلەتنىڭ نىشانى. بۇ دۆلەتنى يىقىلماس قىلىپ ساقلايدىغان كۈچ قانۇن ئىدىيە، ئەقلىي پرىنسىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئامىلدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئامىل گەرچە مۇستەقىل خاراكتېردە بولسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ. بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ، دۆلەتنىڭ شەرتىنى ئەسەردە قىزىقارلىق ئىپادە قىلغان. بىر كۈنى ئايتولدى ئىلىكنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە، ھۆكۈمدارنىڭ چېتىقسىز ئۈچ پۇتلۇق كورسىتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن بۇنىڭ مەقسىتىنى سورىغان. ھۆكۈمدار تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەرگەن،

801 مۇنۇمەن ئولتۇرغان بۇ كورسقا باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى بار، ئۇندا ئۈچ ئاياق.
802 پۈتۈن ئۈچ ئاياقلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.
803 قىڭغايسا بىرى، ئۈچ ئاياقنىڭ ئەگەر،
قايار ئىككىسى ئولتۇرۇچى چۈشەر.

2

گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» مۇندەرىجىسى ئىچىدە «ماتارىپ» ئايرىم تېما بولمىسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرسەك مۇئەللىپنىڭ ماتارىپ قارىشى بويىچە، يالغۇز بىر ئۇچ ئامىل بويىچە ئەمەس، بەلكى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ساھەلەر بويىچە پۈتۈن مەزمۇنى ئەقىل - پاراسەت، بىلىم، ئەخلاق، قانۇن، خىزمەت ئوبيېكتى دەپ چۈشىنىدىغان دۆلەت خادىملىرىنىڭ شەرتلىرى قاتارلىق باپلىرىدا، قاراڭغۇ، جاھالەت دەۋرىگە قارشى ئىلغار ماتارىپ ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن.

بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر، 157
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.

بىلىمسىزگە دۆلەت ياراشسا كېلىپ، 1709
بىلىملىككە ئارتۇق ياراشۇر بېرىپ.

بىلىمسىز بىلەن تۇرسا دۆلەت ئەگەر، 1710
بىلىملىكلە تۇرغاي ئاساسىنى سېلىپ.

بىلىمسىز بۈيۈك بولسا، دۆلەت بىلە، 1711
بىلىملىك زوربىيار نام - شۆھرەت بىلە.

بىلىمسىزگە كەلسە ئەگەر دۆلەت ۋە قۇت، 1712
بۇ دۆلەت تۇرماس ھېچ ئۇنىڭ بىرلە، يۇت.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشىدە مۇقىم قانۇننى ئەڭ ئالىي ئورۇنغا قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. مۇشۇنداق دېيىشتىمۇ مەلۇم ئاساس بار. ئادالەتلىك قانۇننىڭ بولۇشى، دۆلەت ئامانلىقىنىڭ بىرىنچى كاپالىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن، ئەسەردە ھەر قانداق كۈچلۈك قانۇنمۇ، دۆلەتمۇ، بىلىم ۋە ماتارىپسىز يۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئىلىم - كۈچ، ئىلىم - بەخت قورالى، ئىلىم - ئىنسان قەدىرىنىڭ ھۆلى، ئىنسان پائالىيىتىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكى ئەنگلىيە پەيلاسوپى فرانسىس باكون (1561 - 1626) دىن تەخمىنەن ئالتە يۈز يىل بۇرۇن شەرھلەنگەن.

بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى، 2426
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.

يۇرت ئالماق مۇمكىندۇر قىلىچ - كۈچ بىلەن، 2427
سوراپ بولماس ئۇنى كۆپ يىل ئۆچ بىلەن.

قەلەملە تۇتۇلسا بىرەر كەنت - شەھەر، 2428
ئۇۋۇمىغا ئۆزىگىدىن نەسىبە تېگەر.

مۇئەللىپ بىلىمنى، ماتارىپنى، شۇنچىلىك يۇقىرى ئورۇنغا قويغانكى، شاھدىن

تارتىپ خەزىنىچىگىچە بىلىملىك بولۇشنى تەلەپ قىلغان. بارلىق تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەتنىڭ سىرى ئىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ. بىلىم بىلەن ئۆز يولىنى تاپىدۇ.

302 كىشى ئوغلى سۆزدى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ماتارىپ ئىدىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، دۆلەت دەپ ئاتالغان مۇشۇ ماشىنىنىڭ ھەرقانداق ئاپپاراتلىرىدا، ئۇنىڭ چوڭ كىچىك ئىشلىرىنى ئىشلىگۈچىلەر، بولۇپمۇ سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان يۇقىرى ئورۇنلاردىكىلەرنىڭ بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشى، شۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى بىلىملىك بولغاندىلا، ئەخلاقلىق، ئادالەتلىك، دىيانەتلىك، سەمىمىي ۋە تەدبىرلىك بولغىلى بولىدۇ. دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلىيالايدۇ.

289 ئۆسەر ئەر ئەقىلدىن، بىلىمدىن بۈيۈر،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.

290 بۇڭا ئۆتمىشنىڭ كۆركى نوشىن راۋان،
ئەقىل كۆزى بىرلە يورۇتتى جاھان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ماتارىپ راۋاجلانماي، جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەبىقىلىرى بىلىملىك بولماي تۇرۇپ، بۇنداق دۆلەتنىڭ ھايات تۇرالمايدىغانلىقىنى شەرھلىگەن.

422 قىلالماسمەن يالغۇز پۈتۈن ئەل ئىشىنى،
كېرەك ماڭا بىر ئەر، بىلۇر ئىش بېشىنى.

416 ئاقىل بولسا كىم، ئۇ چاقىرىتتى ئۇنى،
كىم ئالىم بولسا ئۇ، بۈيۈتتى ئۇنى.

417 يىغىلدى يېنىغا جاھان خىللىرى
ئەقىل ھەم ئىلىمدە تاللانغانلىرى.

بۇ مىسرالاردا شاھلارنىڭ بىلىمگە، بىلىملىككە — ماتارىپقا تايانمىسا بولمايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. يالغۇز شاھنىڭ بىلىملىك بولۇشى ئەمەس بەلكى (1921 - بېيىتتىن 2821 - بېيىتقىچە جەمئىي 900 بېيىت) بەگنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى، بەگلەرگە قانداق كىشىنىڭ، ۋەزىرلىك قىلىشى، ئەسكەر باشلىغۇچى كىشىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى، ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق كىشىنىڭ لايىقلىقى، ئىشىك ئاغىسىنىڭ قانداق كىشى بولۇشى، ئەلچىلەرنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى، پۈتۈكچى (كاتىپ) نىڭ قانداق بولۇشى، قانداق كىشىنىڭ خەزىنىدار بولۇشى ھەققىدە سۆزلەنگەن بارلىق مەسىلىلەردە،

بىلىش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان، ئەگەر بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىدىغان زور يامان ئاقىۋەتلەرمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەسىلىلەر ئۈچۈن ئاشپەزگە قويغان تەلەپنى كۆرسەتكىلى كۇپايە قىلىدۇ.

2868 ئەقىللىق كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
تاماق ۋاقتى بولسا، تېتىكلىك كېرەك.
2872 ئەقىللىق كىشى ياخشى نامنى كۈتەر،
بىلىملىك كىشىلەر ئىشەنچلىك كېلەر.

دېمەك، مائارىپ — بىلىم جەمئىيەتنىڭ ئاساسى قىلىپ شەرھىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتور كىشىلەرنىڭ بىلىشىدە ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئاساسىي مەسىلە قىلىپ شەرھىلىگەن. ئىنسان تۇغۇلۇپلا دانىشمەن، بىلىملىك بولمايدۇ. ئىنساننىڭ بىلىشى بىلمەسلىكتىن بىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ، بۇ بىلىش جەريانىنى كەچۈرۈش ئۈچۈن مائارىپنى ۋاستە قىلماي مۇمكىن ئەمەس.

1678 بىلىملىك تۇغۇلۇرمۇ ئانادىن كىشى،
ۋە يائۆگىنەمدۇ يېتىلسە يېشى؟
1680 بىلىمسىز تۇغۇلار، يۈرۈپ ئۆگىنۇر،
بىلىم بىلسە ئىشلار ئۇتۇغلۇق بولۇر.
1681 ئانادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تۆرگە چىقار.

مۇئەللىپ، مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنىلا ئەمەس بەلكى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنىمۇ شۇنچىلىك يۇقىرى كۆتۈرگەنكى ۋە شۇنچىلىك چوڭقۇر چۈشەنگەنكى، يالغۇز دۆلەت مۇلازىمەتچىلىرى ئۈچۈنلا خىتاب قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئاتا - ئانىلارنىڭمۇ رولىنى تولۇق كۆرسەتكەن:

1486 ئوغۇل - قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،
بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزەلسە يانا.
1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۇتۇقلۇق بولۇر.
1495 كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلمىگۈنچە ئۇنۇتماس ئۇنى.

ئۈچىنچى، ئەقىل بىلەن بىلىم ۋە ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى روشەن بىر تەرەپ قىلىنغان. ئەقىل - نېرۋا پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ ئەسلىدە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئىنسانغا قوشۇلۇپ يارالغان، ئۇ ئۆزىنىڭ زاتى بىلەن تەبىئەت مەۋجۇداتىدۇر.

1682 ئەقىلدۇر ئۇنى ئۆگىنەلمەس ئادەم،
تەبىئەتكە قوشۇپ يارىتۇر ئىگەم.

1825 بىلىم يا پەزىلنى كىشى ئۆگىنۇر
مەگەر كىم، ئەقىل ئۇ، تەبىئي بولۇر.

1827 كىشى ئۆگىنىپ كۆپ تاپار ئىلىم - بىلىم،
ئۆگەنسە ھەر قانچە، تاپالماس ئەقىل.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر ئۇمۇرنىڭ ھەممىسىگە، ئۆگەنمەسمۇ يېتەرلىك بولغان ئەقىل، بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تۇغۇلمايدۇ ئەلۋەتتە، ئۇمۇ ھاياتنىڭ دىئالېكتىك تەرەققىياتى جەريانىدا، تەرەققىي قىلىش، ئۆسۈش ۋە تولۇقلىنىش قانۇنىيىتىگە ئىگە، ئەقىل ئادەتتە قابىلىيەتنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، قابىلىيەت بولسا، بىرەر پائالىيەتنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاشتا زۆرۈر بولغان پسىخىك شەرتتۇر. ئۇ ھەرگىز تۇغما ئەمەس، بەلكى تۇغما بولغان ساغلام فىزىئولوگىيىلىك شەرتلەر ئاساسىدا، كىيىنكى مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ تەسىرى، شۇنىڭدەك، سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇنداق تەرەققىي قىلىشنىڭ ئۆزىنى «بىلىم» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، مۇئەللىپنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «بىلىم» ئەقىل پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىنسان شۇ بىلىمگە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ھەر نەرسىگە يول تاپالايدۇ.

302 كىشى ئوغلى سۇندى قوۋۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

313 بىلىم بايلىق ئول گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

317 ئەقىلدۇر ساڭا ئانت قىلىشقان ئاداش،
بىلىم چىن مېھرىۋان ساڭا قېرىنداش

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئەقىل بىلىمنىڭ مەنبەسى، بىلىم بولسا، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجىسى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇشۇنداق خۇلاسىنە نەتىجىسىدە مائارىپ تەرەققىياتىنى، بىلىمنى دۆلەت مۇقىملىقى، پاراۋانلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنىڭ ئاساسىي شەرتى دەپ چۈشەنگەن. مۇئەللىپنىڭ بۇ قارىشى مىڭ يىل كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئەگەر ئىنسانىيەت دۇنياسى، بۈگۈنكى كۈندە ئۆتمۈش بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولماس دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى دەيدىغان بولساق، بۇ پەقەت ئىلىم - پەن ۋە ئەقىلنىڭ كۈچى بىلەنلا ئېرىشىلگەن نەتىجىلەردۇر. شۇڭا، ئىلىم ۋە ئىلىم ئۆگىتىدىغان مائارىپ ھەممىدىن قەدىرلىك ئاسىل، مۇئەللىپ مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ئەنە شۇنىڭدا.

3

شۇنىڭ كۆرۈشىمىز كېرەككى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلى تەربىيە مەسىلىسىدە قىسمەن سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان مەسىلەن:

1494 ئوغۇل ـ قىز ئايىماي تاياق بەرلە ئۇر،
تاياق قىز ـ ئوغۇلغا بىلىم ئۆگىتۇر.

ھەرقانداق كىشىنىڭ دۇنيا قارىشى، ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى ئۇنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنداق ئىكەن، مۇئەللىپنىڭ قانچىلىك ئىلغار ئىدىيە ۋەكىلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەۋرنىڭ ئۇ ياكى بۇ چەكلىمىسىدىن خالىي بولۇشى ناھايىتى تەس. مەسىلىنىڭ نېگىزى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كاتېگورىيىسىدە، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەھمىيىتى — ئومۇمىي مەزمۇنىدا ئىلاھىيەتچىلىك ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلماستىن، يەنىلا تەبىئەتنى تەبىئەت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، دۇنيانىڭ ۋۇجۇدىنى ئوت، تۇپا، سۇ، ھاۋادىن ئىبارەت مەۋجۇداتقا باغلاشتىن ئىلگىرىلەپ، دۇنيانىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىنى ھەرىكەتنىڭ مەھسۇلى قىلىپ تەسۋىرلەشتە ئىپادىلەنگەن.

143 ئۇچى سۇ، ئۇچى يەل، ئۇچى بولدى ئوت.
ئۇچى تۇپراق، بولاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.
126 يارالتى پەلەك، كۆر، دائىم ئايلىنۇر،
ھايات ھەم ئۇ بىرلە تىنىماي چۆرگىلۇر.
744 بۇ ئاي بۇرجى سەرتان، بۇ بۇرج ئۆزگەرۇر،
ئۆيى ئۆزگىدۇر ھەم ئۆزى چۆرگىلۇر.

ھەممە نەرسە ئوۋۇن ۋاقىت (ماكان ۋە زامان) شارائىت ئىچىدىلا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋرلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا مەلۇم تارىخىي كاتېگورىيىنىڭ ئىچىدە قويۇشىمىز كېرەك. چۈنكى جەمئىيەت تەرەققىياتى دەۋرلەرنىڭ مۇقەررەر ئالمىشىش جەريانىدۇر، «كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئاڭنى بەلگىلەيدۇ». مەلۇمكى، مۇئەللىپنىڭ دەۋر تەقەززاسى بىلەن كېلىپ چىققان دىنىي ئېتىقادىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ھەرگىز كىچىك باھالاشقا بولمايدۇ. لېنىن: «تارىخىي ئەربابلار زامانىمىز تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى تەمىن قىلالمىغانلىقىغا قاراپ ئەمەس،

بەلكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا نىسبەتەن تەمسىن قىلغان يېڭى نەرسىلەرگە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ» دېگىنىدە، دەل مۇشۇنداق نوقتىنى كۆزدە تۇتقان. شۇنداق ئىكەن، تونۇشتۇرۇۋاتقان تارىخىي شەخسلەرنى جۈملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىمۇ، ھازىرقى نۇقتىئىنەزەرىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشىغان دەۋر ئىچىدە چۈشىنىشىمىز لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندا:

بىرىنچى، مۇئەللىپنىڭ قاراخانىلار دەۋرى ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنى، دۆلەت، جەمئىيەت، قانۇن، ئىلىم - پەن، ئەقىل، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە باشقا ساھەلىرى بويىچە تەتقىق قىلىپ، بۇ تەتقىقاتىنى بەدىئىي ۋاسىتىلار بىلەن يورۇتۇپ، جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىباھا جەۋھەر دۇردانىسى قالدۇرغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئىككىنچى، مۇئەللىپنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى، ئىلىم - كۈچ، ئىلىم - بەخت قۇرالى، ئىلىم - ئىنسان قەدرىنىڭ ھۆلى، ئىنسان پائالىيىتىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى ئاللىبۇرۇن جاكارلىغان مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يوقاتمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئۈچىنچى، ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدە مەدەنىيەتنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك ھالەتكە كىلىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تامامەن زىددىيەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، قاراخانىلار ھاكىمىيىتى يۇقىرى تەبىقە بىلەن تۆۋەن تەبىقىنىڭ پەرقى روشەن بولۇنگەن، تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بولغان پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىشى ۋە كېڭىيىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئېتىقاد جەھەتتىكى بۇرۇلۇش، ھوقۇق، مەنپەئەت، بايلىق ۋە زېمىن مەقسەت قىلىنغان گويا ئەنئەنە شەكلىدىكى تاشقى ئۇرۇشلار ۋە ئىش تۈزۈمىدىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئىچكى نىزالار سۈيىقەست، پارىخورلۇق، ئېغىر سېلىق، گۇرۇھۋازلىق، خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، كۈندىن - كۈنگە تۇرمۇشنى قاششاقلاشتۇردى. نەسىلدىن نەسىلگە قالىدىغان پادىشاھلىق تۈزۈم خەلقنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلدى.

5242 بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىناۋادۇر.
5243 بىرى ئاچ، ئۇ بىرسى يالاڭغاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ - غېمىدە پىغانلار چېكۈر.

بۇنىڭدىن مۇئەللىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى ئەنە شۇنداق رېئال تۇرمۇشنى ئىسلاھ قىلىش پروگراممىسى شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقىي رېئالىست ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

# كوررېكتورلۇق ۋە ئۇنىڭدىكى بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر

ئوسمان ئۆمەر

**قىسقىچە مەزمۇنى:** كوررېكتورلۇق ــ ئاخبارات، نەشرىيات، مەتبۇئات خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا. بۇنىڭسىز گېزىت ــ ژۇرنال، كىتابلارنى نەشر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلارنىڭ سۈپىتى كوررېكتورلۇق سۈپىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. كوررېكتورلار تەھرىرلەش، تىزىش، بېسىش، ياساش، سېلىشتۇرۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن خاتالارنى تۈگىتىپ، نەشر قىلىش ئۆلچىمىنى، تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە ئەستايىدىل ئورۇندىشى كېرەك.

كوررېكتور ــ لاتىنچە سۆز بولۇپ، ئوقۇش ۋە تۈزىتىش ئىشىنى قىلىدىغان مەتبەئە ياكى نەشرىيات خادىمى دېگەنلىك بولىدۇ. كوررېكتورنىڭ ۋەزىپىسى ــ قول يازما (تېكىست) نىڭ مەتبەئەدە تىزىلغان ياكى سىنىكىغا ئېلىنغان نۇسخىسىنى ئورىگىنالغا سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىشتىن ئىبارەت.

مەن بۇ ماقالىدا كوررېكتورلۇققا دائىر بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا توختىلىپ، كوررېكتورلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## 1 ـ كوررېكتورلۇقنىڭ ئورنى ۋە رولى

كوررېكتورلۇق ــ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى. بۇ ھالقىسىز گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلارنى چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق گېزىت، ژۇرنال، كىتابنىڭ سۈپىتى كوررېكتورلۇق سۈپىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كوررېكتورلۇق ياخشى ئىشلەنمىسە، ياخشى يېزىلغان، ياخشى تەھرىرلەنگەن ماقالە ـ ئەسەرلەرمۇ سۈپەتسىز، ناچار نەرسىگە، ھەتتا كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. كوررېكتورنى پۇتبول مەيدانىدىكى ۋاراتارغا ياكى چېگرادىكى ئاخىرقى قاراۋۇلغا ئوخشىتىش مۇمكىن. پۇتبول مەيدانىدا توپنى تېپىپ كېتىۋېتىپ تارتقۇزۇپ قويسا، يەنە تارتىۋېلىش ئىمكانىيىتى بار، لېكىن توپ ۋاراتاردىن ئۆتۈپ كەتسە بۇنىڭغا ئامال يوق، قاراۋۇل ھوشيار بولمىسا، دۈشمەننى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ ـ دە، بۇنىڭ ئاقىۋ

ۋەتىنىنى مۆلچەرلەپ بولغىلى بولمايدۇ. كوررېكتورلۇقتىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. كوررېكتورلۇقتىمۇ سەللا بىخەستەلىك قىلىنىدىكەن، ناھايىتى زور سىياسىي، ئىقتىسادىي زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، كوررېكتورلۇقنى ئەستايىدىل زېھىن قويۇپ ئىشلەش كېرەك. ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئۇستاز لېنىن «رۇسىيىدىكى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن كىتاب نەشىر قىلىنغاندا، ئۇلىيانوۋا بىلەن ئۇلىيانوۋا يېلىزاروۋاغا يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «...نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىلىك مۇھىم شەرتى — كوررېكتورلۇقنى ناھايىتى ئوبدان قىلىشتا، مۇنداق بولمىغاندا، نەشىر قىلىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى بولمايدۇ». ①

يولداش ماۋزېدوڭ «جىن – سۇي گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە: «گېزىتتە خاتا خەتلەر بولىدىكەن، بارلىق گېزىتخانا خادىملىرىنى يىغىپ باشقىنى سۆزلىمەي، پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈستىدىلا سۆزلىشىمىز، خاتالىق ئەھۋالىنى، خاتالىقنىڭ سەۋەبلىرىنى، خاتالىقنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، كۆپچىلىكنىڭ ئەستايىدىل دىققەت قىلىشىنى سۆزلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق ئۈچ قېتىم، تۆت قېتىم، بەش قېتىم سۆزلەيدىغان بولساق، خاتالىقلارنى چوقۇم تۈزەتكىلى بولىدۇ.»② دەپ كۆرسەتكەنىدى.

كوررېكتورنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەم ۋەزىپىسى نېمە؟

«نەشرىياتچىلىق مىزانى» دا: «كوررېكتور ئەسلى ئورىگىنالغا مەسئۇل بولۇشى، ھەرپ تىزىشتا كەتكەن خاتالارنى تۈگىتىشى، ئەسلى ئورىگىنالدىكى خاتالىقلارنى ۋە چۈشۈپ قالغان سۆز – جۈملىلەرنى بايقاپ، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ھەل قىلىشىغا سۇنۇشى كېرەك.» دېيىلگەن ۋە كوررېكتورلۇقنىڭ قېتىم سانىنى كېمەيتىۋېتمەسلىكنىڭ لازىملىقى تەكىتلەنگەن. بۇ، كوررېكتورنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى قاتتىق تەلەپنى ۋە كاپالەتلىك چارىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا بۇ بەلگىلىمە كوررېكتورلۇق خىزمەت تەجرىبىسىنىڭ توغرا، ئىخچاملانغان يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كوررېكتورلۇق ئىنتايىن ئىنچىكە بولغان مەخسۇس تېخنىكىلىق خىزمەت. كوررېكتورنىڭ مەسئۇلىيىتى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئورىگىنال ئالدىدا جاۋابكار بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا تەھرىرلەش، تىزىش، سېلىشتۇرۇش، بەت ياساش جەريانىدا كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈگىتىپ، نەشىر قىلىش ئۆلچىمى ۋە تېخنىكىلىق تەلەپلەرگە بىنائەن تەھرىرلەنگەن، تىزىش، بەت ياساش تېخنىكىسى بىلەن بەت شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى كوررېكتورلۇق قىلىپ تۈزىتىشتىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاچقا، بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

---

① «لېنىن ئەسەرلىرى» 37-توم 154-بەت، خەلق نەشرىياتى 1956-يىل نەشرى.

② «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4-توم، خەلق نەشرىياتى، 1960-يىل نەشرى.

(1) يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كوررېكتور ئۆز خىزمىتىنىڭ ئاخبارات - نەشرىياتتىكى ئورنىغا ۋە رولىغا بولغان تونۇشىنى توغرىلىشى لازىم. تونۇش توغرىلانغاندىلا قېتىرقىنىپ ئىشلىگىلى بولىدۇ، مەسئۇلىيەتچانلىق كۈچىيىپ، ئورگىنالغا ھەقىقىي سادىق بولالايدۇ. كوررېكتورلار قولىدىن چىقارغان ھەر بىر بەت گېزىت، ھەربىر بەت ژۇرنال، ھەربىر بەت كىتابتا ھەتتا ھەربىر پارچە ياپراق كوررېكتورلۇق نۇسخىسىغىچە ھەرقانداق خاتالىقنىڭ بولۇشىغا قىلچە يول قويماسلىقى، مۇھىمى، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مەسئۇلىيەتچانلىق — كوررېكتورلۇق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى.

(2) ۋاقىتنى قەدىرلەپ، پۈتۈن دىققەتنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش لازىم. مۇنداق ئىشلەش، گېزىت - ژۇرنال، كىتابلارنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك چىقىشىغا پايدىلىق.

ۋاقىتنى قەدىرلەش دېگىنىمىز — ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، كوررېكتور نۇسخىسىنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرۈپ تۈگىتىش دېگەنلىك. مۇمكىنقەدەر زاۋۇت بىلەن تەھرىر بۆلۈم، كوررېكتور بىلەن مۇھەررىر ئوتتۇرىسىدا ۋاقىت توختامى بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋاقىتقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

دىققەتنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش دېگىنىمىز — پۈتۈن زېھنى كۈچىنى ئورگىنالغا، كۆرۈلىۋاتقان كوررېكتور نۇسخىسىغا مەركەزلەشتۈرۈش دېگەنلىك. كوررېكتور نۇسخىسىنى كۆرگەندە دىققەتنى يىغىپ، خەتمۇ خەت ئوقۇپ مېڭىش كېرەك، ھەرگىز بىر قاراپلا ئۆتكۈزۈۋېتىش ياكى كۆزى ئورگىنالدا، كاللىسى باشقا ياقتا بولماسلىقى دېگەنلىك. ئۇنداق بولمىغاندا، كېتىپ قالغان كىچىككىنە سەۋەنلىك مەزكۇر ئاخبارات، نەشرىيات ئورگىنىغا تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، 1984 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە «مەنىۋى بۇلغىنىشنى تۈگىتىش» دېگەن سۆز «مەنىۋى بۇلغىنىشنى ئۆگىتىش» بولۇپ بېسىلىپ چىقىپ كەتكەن. «لايىھە» دېگەن سۆز «لاھىيە» بولۇپ قالغان، «25» دېگەن سان «52» بولۇپ بېسىلغان، «ئۈزلۈكسىز» دېگەن سۆز «ئۆزلۈكسىز» بولۇپ قالغان. يىراقتىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، يېقىنقى ئەھۋالغىلا قارايدىغان بولساق، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1990 - يىل 3 - يانۋار سانىنىڭ 1 - بېتىدە «69/70 قېتىملىق ئالاھىدە تېز پويىز ۋە ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسى ئېرىشتى» دەپ بېسىلغان. شۇ گېزىتنىڭ شۇ يىل 10 - يانۋاردىكى 4 - بېتىدە «چېگرا رايوندا ياڭرىغان ناخشا ساداسى» دېگەن سۈرەتلىك خەۋەر بېرىلگەن بولۇپ، سۈرەت سۆزىگە: «يۈننەن ئۆلكىسى مالىپو ناھىيىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىدىكى ياۋۇز ئارتىس لاۋشەن رايونىدىكى ئاممىغا مىللىيچە ناخشا ئېيتىپ بەرمەكتە»

دەپ بېسىلغان. يەنە بەزى كىتاب - ژۇرناللاردا «روۋژدېستوو» دېگەن ئاتالغۇ «روۋژدىستۋو»، «روۋژدېستو»، «روۋژدېستوۋا» دەپ خاتا ئېلىنغان. بۇنداق مىساللارنى ھەرقايسى گېزىت — ژۇرنال، كىتابلاردىن ياكى مەتبۇئات - نەشرىياتلارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك تاپقىلى بولىدۇ دېسەكمۇ مۇبالىغە بولماس.

(3) كوررېكتورلاردا توغرا بىلەن خاتانى ئېنىق ئايرىيالايدىغان، مەسىلىلەرنى بايقىيالايدىغان جۇشقۇن روھ بولۇشى كېرەك. ئورىگىنالدا نېمە بولسا شۇ بويىچە كەتكۈزۈۋەتمەسلىك، ياكى «بىر ئاز خاتا بولسا نېمە بوپتۇ»، «خاتالىقتىن ساقلانماق تەس»، «ئىملا مەسىلىسىكەن، مەزمۇنغا تەسىر يەتكۈزمىسە بولمامدىمۇ» دەپ قارىماسلىق كېرەك. بۇ، ئورىگىنالغا سادىق بولغانلىق ئەمەس. شۇڭا، ئورىگىنالدىكى مەسىلىلەرنى بايقاپ، ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئەگەر كوررېكتور ئۆزى ھەل قىلالمايدىغان گۇمانلىق، ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەر بولسا، مەسئۇل مۇھەررىرگە كۆرسىتىپ، مۇۋاپىق ھەل قىلىش لازىم.

(4) كوررېكتورلۇق قائىدە - قانۇنىيىتىنى پىششىق ئىگىلەش لازىم. كوررېكتورلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكىلىق بەلگىلەرنى، خاتانى كۆرسىتىش شەكىللىرىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، خاتالىقلارنى ئۆلچەملىك بەلگىلەر بىلەن ئېنىق كۆرسىتىش لازىم. تۆۋەندە «كوررېكتورلۇق بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنى قوللىنىش ئۇسۇلى»نى كۆرسىتىمىز: بۇ بەلگە جۇڭگو مەتبەئە پەن - تېخنىكىسى شۆبىۋەنى مەسئۇل بولۇپ تۈزۈپ، 1981 - يىلى 12 - ئايدا ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەسپىي ئۆلچىمى»، «كوررېكتورلۇق بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنى قوللىنىش ئۇسۇللىرى» دېگەن ماتېرىيالدىكى ئاساسلىق بەلگىلەر بولۇپ، مەتبەئەدە دائىم قوللىنىدىغان ئۆلچەملىك بەلگىلەردۇر.

(5) تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كوررېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ سان - سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندە، خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى تېپىش، قانداق ھەرپلەرنىڭ ئاسان ئۇپرايدىغانلىقى، چېكىتلىرىنىڭ ئاسان ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئوڭاي ئالمىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك. ئۇيغۇرچە ھەرپلەردە، بولۇپمۇ چېكىتلەرنىڭ ئاسان ئۇپراپ كېتىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم. بىرەر چېكىتنىڭ ئارتۇق - كەم قويۇلۇشى، چېكىتنىڭ ئاستى - ئۈستىگە ئالمىشىپ قېلىشى ۋە ياكى ھەرپ - سۆزلەرنىڭ چىشى (مەركىزى) نىڭ ئارتۇق - كەم چىقىرىلىشى «ئو» ھەرپىدىكى ئاھاڭ ئۆزگەرتىش بەلگىلىرىنىڭ جايىدا قويۇلماسلىقى بەزىدە ئويلىمىغان مەزمۇن خاتالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېغىرراقلىرىدا ناچار سىياسىي تەسىرلەرنى بېرىشىمۇ مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كوررېكتورلۇق بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنى قوللىنىش ئۇسۇلى

| بەلگە شەكلى | نامى | بەلگىلەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى | مىسال |
|---|---|---|---|
|  | ئۆچۈرۈۋېتىش | بۇ بەلگە بەزى ھەرپ، سۆز، جۈملە، ئابزاس ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ چىقىرىۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. | [illegible] |
|  | ساقلاپ قېلىش | خاتا چىقىرىۋېتىلگەن ھەرپ، سۆز، جۈملە، ئابزاسلارنىڭ ئۈستى ياكى ئاستىغا بۇ بەلگە قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىقىرىۋېتىش بەلگىسى ئەمەلدىن قېلىپ، بەزى ھەرپ، سۆز، جۈملە، تىنىش بەلگىسى ۋە ئابزاسلارنىڭ ساقلاپ قېلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. | [illegible] |
|  | قوشۇش ياكى تولۇقلاش | قوشۇلىدىغان مەزمۇننى بوش جايغا يېزىلىپ يۇمىلاق چەمبەرگە ئېلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر سىزىق تارتىلىپ ئاچا بەلگە قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قوشۇلىدىغان مەزمۇن كىرگۈزۈلىدىغان جاي كۆرسىتىلىدۇ. | [illegible] |
|  | ئورۇن ئالماشتۇرۇش | ئالماشتۇرۇلىدىغان سۆز، جۈملە ئۈستىگە بۇ بەلگە قويۇلۇپ، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى سۆز، جۈملىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇلىدىغان ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. « » بەلگىسى ئۈستىگە قويۇلىدىغان سۆز ئالماشماي، ئۇنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى سۆز، جۈملىلەرنىڭ ئالمىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. | 1989-يىل [illegible] |
|  | باشقا قۇردىن باشلاش | باشقا قۇر قىلىش زۆرۈرىيىتى بولغان جايغا مۇشۇ بەلگە قويۇلۇپ، بۇ جاينىڭ قۇر بېشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. | [illegible] |
|  | جۈملىنى ئۇلاش | ئىككى قۇرنىڭ ئاخىرىدىكى سۆز ئارىسىغا مۇشۇ بەلگە قويۇلۇپ، ئىككى قۇرنىڭ بىر-بىرىگە ئۇلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. | [illegible] |
|  | ئىلگىرىگە ياكى كەينىگە سۈرۈش | بىر سۆزنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە مۇشۇ بەلگە قويۇلۇپ، بۇ شۇ تۇردۇقتىكى سۆزنىڭ كەينىگە ياكى ئالدىغا سۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. | [illegible] |
|  | تۈزلاش | يېزىلغاندا خاتا يېزىلىپ قالغان سۆز، يانتۇ يېزىلىپ قالغان ياكى تەتۈر يېزىلىپ قالغان ھەرپلەرنى تۈزلاش ئۈچۈن بۇ بەلگە قويۇلىدۇ. | [illegible] |
|  | سىزىق قويۇش | ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە «—» قويۇش زۆرۈر بولغاندا مۇشۇ بەلگە قويۇلىدۇ. | [illegible] |

(6) كوررېكتور ھەرپ ياكى باشقا خاتالىقنىڭ ئورگىنالدا ئىكەنلىكىنى بايقىسا، ئۇنى مۇھەررىرگە ياكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە كۆرسىتىپ، بىرلىكتە ھەل قىلىش لازىم. لېكىن ئورگىنالدا مەسىلە بار ئىكەن دەپ ئورگىنال بىلەنلا ھەپىلىشىپ كەتكەندە، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ ئىشنى چىگىشلەشتۈرۈپ قويىدۇ. «ئورگىنال شۇنداقكەن، نېمە بولسا بولمامدۇ» دەپ بىپەرۋالىق قىلىشمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، كوررېكتور ئورگىنالغا ھەقىقىي مەسئۇل بولۇشى، مەسئۇل مۇھەررىر بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، گېزىت-ژۇرنال، كىتابلارنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك چىقىشىغا كۈچ چىقىرىش لازىم.

## 2. تەھرىرلىك بىلەن كوررېكتورلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى

تەھرىرلىك بىلەن كوررېكتورلۇق نەشرىياتچىلىق-ئاخباراتچىلىقتا ناھايىتى مۇھىم، بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر.

(1) مۇھەررىر بىر نەچچە باسقۇچلۇق ئىشلاردىن كېيىن، ماقالە-ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشكە، مەتبەئەگە تەييارلاشقا كىرىشىدۇ، ئاندىن ئۇنى تەلەپ بويىچە ئىشلەپ پۈتتۈرۈپ، مەتبەئەگە يوللايدۇ. ماقالە-ئەسەر مەتبەئەدە تىزىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئالدى بىلەن كوررېكتور سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىدۇ. ئاندىن كېيىن مەسئۇل مۇھەررىر كۆرۈپ چىقىدۇ. دېمەك، بۇ باسقۇچ كوررېكتور بىلەن مۇھەررىرگە مەركەزلىشىدۇ. بۇ چاغدا كوررېكتور بىلەن مۇھەررىر ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلىشى كېرەك. ئورگىنالدا خاتالىق بولسا كوررېكتور ئۇنى مۇھەررىرگە كۆرسىتىشى، مۇھەررىر كوررېكتور كۆرسەتكەن مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بىر ياقلىق قىلىشى، كوررېكتوردىن كەتكەن مەسىلىلەر بولسا سەممىي كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك.

(2) مۇھەررىر ماقالە-ئەسەرلەردە ئۇچرىغان نەقىللەرنىڭ ئەسلىنى تېپىپ سېلىشتۇرىدۇ، سانلىق مەلۇمات، ئىزاھات، يىلنامە، كۆچۈرمە گەپلەرنىمۇ سېلىشتۇرىدۇ، ئەمما كوررېكتور قايتا سېلىشتۇرۇش جەريانىدا، ماقالە-ئەسەردىكى سىياسەت، كۆز قاراش، تارىخىي پاكىت، سان-سىپىر، نەقىل، ستىلىستىكا، لوگىكا، ھەتتا تىنىش بەلگىلىرى جەھەتتە مەسئۇل مۇھەررىر سېزىۋالالمىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن. مۇشۇ چاغدىلا مەسئۇل مۇھەررىر كوررېكتور نۇسخىسىدىكى باشقا مەسىلىلەرنىمۇ ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى تۈزىتىپ، خاتالىقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىدۇ.

(3) كوررېكتورلۇق تەھرىرلىكنىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىغۇچىسى. كوررېكتورلۇق قىلغۇچى ئورگىنالغا ئاساسلىنىدۇ، ئورگىنالغا جاۋابكار بولىدۇ. لېكىن ئورگىنال پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇنداق ئىكەن، ئورگىنالدىكى مەسىلىلەرمۇ كوررېكتورلۇق قىلىش داۋامىدا تۈزىتىلىشى، مەسئۇل مۇھەررىرگە كۆرسىتىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېرەك. مەسئۇل مۇھەررىر كوررېكتورلۇق نۇسخىسىنى كۆرۈش داۋامىدا بۇ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەل قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇ كوررېكتورلۇقنىڭ ھالقىلىق پەيتى، شۇنىڭدەك تەھرىرلىكنىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىنىش جەريانى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەررىر كوررېكتور نۇسخىسىنى ئوقۇشنى پەقەت كوررېكتورنىڭ ئىشى دەپ قارىماسلىقى كېرەك. بۇ ئەھۋاللارنى تۈگىتىش ئۈچۈن قائىدە - تۈزۈملەر بېكىتىلىشى، كوررېكتور، مۇھەررىرلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئورۇندىشى لازىم. بۇ بىزگە كوررېكتورمۇ، مەسئۇل مۇھەررىرمۇ كوررېكتورلۇق نۇسخىسىنى بەس سالماي ئەستايىدىل كۆرۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، تەھرىرلىكنىڭ داۋامىنى ئىخلاس بىلەن ئورۇنداشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(4) ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەرگە مۇھەررىر بىلەن كوررېكتور ئالاھىدە سەزگۈر بولۇشى لازىم. ۋەزىيەت ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. ئورىگىنال يېزىشقا كىرىشكەندىن تارتىپ تاكى تىزىلىپ كوررېكتور نۇسخىسى چىققانغا قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە، دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇشى، كادىرلارنىڭ ئورنىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى ۋە باشقا ئۆزگىرىشلەر بولۇشى مۇمكىن. كوررېكتور بۇ خىل ئۆزگەرگەن ئەھۋالنى توغرا ھەل قىلىشى لازىم. ئاممىباب تىل بىلەن ئېيتقاندا، يېقىنقىدەك ئەھۋالغا يولۇققاندا، مۇھەررىر بىلەن كوررېكتوردا بىر قەدەر كۈچلۈك «كەسپىي سەزگۈرلۈك» بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، كوررېكتور ھەر كۈنى گېزىت ئوقۇشى، رادىئو ئاڭلىشى، تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشى، ھەر خىل ھۆججەتلەردە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق زور مەسىلىلەرگە ھەممە ۋاقىت دىققەت قىلىشى، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەنلەرگە دائىر ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ يېڭىلىنىشىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى لازىم.

(5) مەسئۇل كوررېكتور بىلەن مەسئۇل مۇھەررىر ئۆزى سېلىشتۇرۇپ پىششىقلىغان ئورىگىنالنى ئۆز ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنى بىلگەندەك پىششىق بىلىپ كېتىدۇ دېمەك مۇبالىغە بولمايدۇ. مەسئۇل مۇھەررىر بىلەن كوررېكتور ئورىگىنالنى باشتىن ئاياغ ئىككى، ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقىش ئارقىلىق، ئورىگىنالدىكى سىياسىي جەھەتتىكى مەسىلىلەر، بىلىم جەھەتتىكى مەسىلىلەر، مەدەنىيەت، قانۇن جەھەتتىكى مەسىلىلەر، تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى مەسىلىلەردىن قايسىلىرى ھەل قىلىنغان، قايسىلىرى يەنە تەكشۈرۈلىدىغان ۋە تۈزىتىلىدىغان مەسىلىلەر ئىكەنلىكىنى خۇددى بەش قولدەك بىلىشى لازىم.

(6) كوررېكتور ئورىگىنالغا سادىق بولۇش بىلەن بىللە، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى زىممىسىگە ئېلىپ، خەلق ئالدىدا، پارتىيە ئالدىدا، جەمئىيەت، تارىخ

ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ھەر بىر پارچە ئورىگىنالنىڭ ئارقىسىدا بىرەر ئاپتور ياكى ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر بارلىقىنى ئەمەس، بەلكى مىڭلىغان، مىليونلىغان جانلىق ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، كوررېكتور ماقالە - ئەسەرلەرنى كوررېكتور قىلغاندا مۇھەررىر ۋە نابۇرچىكلارغا يەڭگىللىك بىلەن ‹ئىشتىرىپ قويىدىغان، ئارىلىقتا «سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كىم سالا» دېگەندەك مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىنىپ خاتا كېتىپ قالىدىغان ئەھۋالدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

كوررېكتورلار، كەسپىي بىلىمنى ۋە ماھارىتىنى ئاشۇرۇشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىن تەربىيىلىنىشى كېرەك:

(1) ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. كوررېكتورلار كۈچلۈك سىياسىي پرىنسىپاللىق روھىغا ئىگە بولۇشى، ئىدىيىۋى ئىستىلى توغرا، خىزمەت پوزىتسىيىسى ئەستايىدىل بولۇشى، ئۆزىگە يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆلچىمى بويىچە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، قولىدىن چىقارغان ھەربىر پارچە ماقالە - ئەسەرنىڭ سۈپەتلىك بولۇشى ۋە ئوبدان ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

(2) داۋاملىق ئۆگىنىپ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل پەنلەردىن ساۋادى بولۇش، كوررېكتورلۇق كەسپىگە دائىر بىلىملەرنى ياخشى ئىگىلەش، داۋاملىق كىتاب ئوقۇپ تۇرۇشى كېرەك.

(3) كوررېكتور مەتبەئە ئەمەلىيىتىدىن يەنى ھەرپ تۈرلىرى، تىزىش ئەھۋالى، ستون، كالونكا، سۈرەت (رەسىم) تارتىش، سىنكىغا ئېلىش، تۈپلەش ئەمەلىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشى لازىم.

(4) قورال كىتابلاردىن، لۇغەتلەردىن پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك. كوررېكتورلۇق قىلىش داۋامىدا ھەر خىل پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، چەت ئەللەر-نىڭ ئادەم، جاي ئىسىملىرى ۋە باشقا ئاتالغۇلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنى لۇغەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ توغرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى بىلىشى كېرەك.

(5) يېزىقچىلىق بىلىمىدىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. كوررېكتور ئالدى بىلەن ئۆز تىلى گراماتىكىسىنى، ئىملا قائىدىسىنى پىششىق ئۆگىنىشى كېرەك. تىلىمىزدىكى تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، جۈپ سۆز، بىرىككەن سۆزلەرنى ئۆگىنىشى، سۆزلەرنى ئۆگەنگەندە ئۇنىڭ شەكلىنىلا ئۆگەنمەي، مەنىسىگە چۈشىنىپ ئۆگىنىشى، گراماتىكى-لىق مەنىسى، لېكسىكىلىق مەنىسى، ئۇدۇل مەنىسى، كۆچمە مەنىسى قاتارلىقلارنى پىششىق بىلىۋېلىشى، شۇ سۆزنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى بىلىشى لازىم. بۇ، سۆزنى توغرا چۈشىنىش، توغرا يېزىش ئۈچۈن ئۇنى پارچىلاپ تەھلىل قىلىپ كۆرۈش دېگەنلىك. تىلىمىزنىڭ

فونېتىكا، مورفولوگىيە قائىدىلىرىنى ياخشى بىلگەن كورېكتور ئىملا مەسىلىسىدە قىلاچە قىينالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تىلنىڭ بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشنى، لوگىكا، ستىلىستىكىنى بىلىشلىرى، ئۆگىنىشنى كېرەك.

ئىشلىگەچ ئۆگىنىش، ئۆگەنگەچ ئىشلەش ـ كورېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى. كورېكتورلۇقتا ئۆگىنىش پۇرسىتى ئەڭ كۆپ. بولۇپمۇ ئالدىدىن ئۆتىۋاتقان ھەر خىل ماقالە ـ ئەسەرلەردە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تورلۇك نەرسىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھەربىر كورېكتور مەخسۇس خاتىرە تۇتۇپ، ئۇچرىغان يېڭى نەرسىلەرنى، ئاڭلاپ باقمىغان ئوبرازلىق ئوخشىتىش، ماقال ـ تەمسىل، ئەقلىيە سۆزلەرنى، بىرخىل مەنىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتىنى، تارىخىي ۋەقە، يىلنامىلارنى، سۇلالىلار، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان يىللىرىنى، تورلۇك ئاتالغۇلارنى، يەر ـ جاي ناملىرىنى خاتىرىلەپ مېڭىشى لازىم. بىرۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كېيىن مۇشۇنداق نەرسىلەر ئۇچرىغاندا توغرىمىدۇ ـ خاتامىدۇ، دەپ گۇمانلانماسلىقتا، ئۇنىڭ توغرىسىنى ئىزدەپ ۋاقىت ئىسراپ قىلماسلىقتا، شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل خاتالارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ كورېكتورلۇق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. بۇ كورېكتورنىڭ ئەستايىدىل، ئىنچىكە ۋە ئىخلاسمەن بولۇشىغا، ئۇنىڭ دائىم زور خاتالىقلاردىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## 3 - كورېكتورلۇقنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى

كورېكتورلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات، مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا سۈزگۈچلۈك رول ئوينايدىغان مۇھىم خىزمەت. ئۇنىڭ سۈزگۈچلۈكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، ئىملا جەھەتتىكى سۈزگۈچلۈك، يەنە بىرى، مەزمۇن جەھەتتىكى سۈزگۈچلۈك.

ئىملا جەھەتتىكى سۈزگۈچلۈك ـــ كورېكتورلۇقتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىپە. چۈنكى ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىش ئاپتور، تەرجىمان، مۇھەررىرلەرگە قويۇلغان ئەقەللىي تەلەپ بولسىمۇ، لېكىن، كۆپلىگەن كىشىلەر يېزىقچىلىق، تەرجىمانلىق، تەھرىرلىك جەريانىدا ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىتىپ، ئىملاسىغا ھادان سەل قارايدۇ. شۇڭا، ئورىگىنالدا ئىملاجەھەتتىكى نۇقسان ھەمىشە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇش ئادىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىنمۇ تىنىش بەلگىلىرى ئۆلچەملىك لايىق بولماي، خاتالىق يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كورېكتورلار ئورىگىنالدا ئىملا، تىنىش بەلگىلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئىملا قائىدىسىگە مۇۋاپىق كورېكتور قىلىش لازىم.

كوررېكتورلۇق ئىككى ئادەم بىرلىكتە بىرى نۇسخىنى ئوقۇش، بىرى ئورىگىنالغا قاراش، ياكى يالغۇز بىر ئادەملا نۇسخىدىكى تېكىست، سۆزلەرنى ئورىگىنالغا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلىنىدۇ. كوررېكتور نۇسخىسىنى ئوقۇغاندا، سۆز - جۈملىلەرنى ئېنىق قىلىپ ئوقۇشى، خاتىرلىك تېنىش بەلگىلىرى، شەرتلىك ئالامەت، بەلگە، يېڭى بەت، باش قۇر، ئاق قالدۇرۇلغان قۇر، ماۋزۇ - ھەرپلەرنىڭ رەزمىرى، ھەرپ شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئوقۇش كېرەك.

ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاپتور، تەرجىمان ۋە مۇھەررىر مەسئۇل. لېكىن كوررېكتورلار ئورىگىنالغا سادىق بولغان ئاساستا، مەزمۇن جەھەتتىكى گۇمانىي نەرسىلەر بولسا ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن سوراپ توغرىلاشقا يېتىشىشكە تىرىشىشى كېرەك. مانا بۇ كوررېكتورلۇقتىكى مەزمۇن جەھەتتىكى سەزگۈچلۈك.

كوررېكتورلۇق - پارچە كوررېكتورلۇق قىلىش، پۈتۈن كوررېكتورلۇق قىلىش، كوررېكتورلۇق بىلەن سىگنالنى بىرلەشتۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇش، سىگنال كۆرۈش، ئاخىرقى نۇسخىنى كۆرۈش قاتارلىق باسقۇچلارغا بۆلۈنىدۇ:

1 - باسقۇچ، بىرىنچى ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەش. پارچە كوررېكتورلۇق قىلىش - گېزىت چىقىرىش جەريانىدىكى ۋاراقلار بويىچە كوررېكتورلۇق قىلىش بولۇپ، بۇ كوررېكتورلۇقتىكى بىرىنچى ئۆتكەلدۇر. ئورىگىنال پارچە كوررېكتوردىن كېيىن پۈتۈن كوررېكتور قىلىنىدىغانلىقى، بىر ياكى بىرقانچە نۆۋەت سىگنال (چىڭياڭ) ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، پارچە كوررېكتورلۇقتا ئورىگىنالنىڭ كوررېكتور نۇسخىسى تىزىلىپ چىققاندىن كېيىن، كوررېكتورلاردا ھەمىشە كوررېكتورلۇق قىلىش جەريانىدا بارلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىنىدۇ ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ دەيدىغان تايىنىۋېلىش كەيپىياتى تۇغۇلىدۇ. بۇ خىل پىسخىك جەھەتتىكى بوشىشىش بىلەن پارچە كوررېكتور نۇسخىسىنى ئوقۇشقا زېھىن قويغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ خىل بىخۇتلۇق نەتىجىسىدە ئۇزە ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئەھۋال سادىر بولىدۇ. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەردە ھەمىشە خاتالىق كۆرۈلۈشتىكى مۇھىم بىر سەۋەب، ئەشۇ خىل ئىدىيىنىڭ قوماندانلىقىدا بىرىنچى ئۆتكەلنى چىڭ تۇتمىغانلىقتىن بولىدۇ. شۇڭا، پارچە كوررېكتورلۇق قىلغاندا بۇ ساۋاقنى ئەستە تۇتۇش لازىم.

2 - باسقۇچ، پۈتۈن كوررېكتورلۇق قىلىش. پۈتۈن كوررېكتورلۇق قىلىش - ئورىگىنالنى رەت نومۇرى بويىچە كوررېكتورلۇق قىلىش دېمەكتۇر. پۈتۈن كوررېكتورلۇق قىلغاندا:

(1) ئورىگىنالنى ئۈچ تەرتىپ بويىچە كوررېكتورلۇق قىلىش كېرەك. يەنى ئالدى بىلەن ماقالە - ئەسەرلەر چۈشىدىغان بەت (گېزىت - ژۇرنالدا)، چۈشىدىغان ئورۇن تەرتىپى، مەسىلەن: 1 - ماقالە، 2 - ماقالە، 3 - ماقالە...ۋە باشقىلارنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇردىگىنالىنىڭ ۋاراق تەرتىپى (بەت نومۇرى) بويىچە رەتلىنىشى، ئاندىن ئورۇن ھەم ۋاراق تەرتىپى بويىچە بىر باشتىن كوررېكتورلۇق قىلىش، كۆرۈلگەن ھەر خىل خاتالارنى ئۇدۇللۇق كۆرسىتىپ، ئۆزگەرتىپ مېڭىش كېرەك.

(2) ماقالە ـ ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماۋزۇلىرى، سىزىق، گۈللۈك رامكا، سۈرەت، قىستۇرما رەسىم، بەت بېشى، تامغىلارنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چۈشكەن ـ چۈشمىگەنلىكى، ماۋزۇ خېتى چوڭلۇقىنىڭ پىلاندىكى؛ بىلەن ئوخشاش بولغان بولمىغانلىقى، ماۋزۇ ھەم ماقالە ۋاراقلىرىنىڭ ئالمىشىپ قالغان ـ قالمىغانلىقى، بېشى ياكى ئاخىرى چىقىپ قالغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ توغرا چۈشكەن ـ چۈشمىگەنلىكى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، نامۇۋاپىقلىرىنى تۈزىتىش لازىم.

(3) گېزىت ـ ژۇرنال بەتلىرىدە ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئېشىپ ياكى كېمىيىش مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم: بەت پىلانى توغرا چىقماي ماقالە كەملىسە ياكى ئېشىپ كەتسە، ئالاقىدار خادىملارغا تولۇقلىتىش ياكى قىسقارتتۇرۇش، ئاشقان ماقالىلارنى ۋاقتىدا تەھرىر بۆلۈمىگە قايتۇرۇش لازىم.

(4) گېزىتلەردە كېيىنكى ئىشلارغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ھەر سان گېزىتنىڭ ماقالە ئورىگىنالى، كوررېكتور سىگنالىلىرىنى ئايرىم ساقلاش، ھەرقايسى بەتلەرنىڭ ماقالە ئورىگىنالىغا چېسلا، بەت نومۇرى، سان تەرتىپى قاتارلىقلارنى ئېنىق يېزىپ قويۇش كېرەك.

3 ـ باسقۇچ، پۈتۈن كوررېكتورلۇق بىلەن سىگنالنى بىرلەشتۈرۈش. پۈتۈن كوررېكتورلۇق بىلەن سىگنالنى بىرلەشتۈرۈش ـ كۆرۈلگەن خاتالارنى بىر يەرگە جۇغلاپ تۈزىتىشكە بېرىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، بۇنى ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك. بىرلەشتۈرگەندە، ئۆزگەرتىلگەن ئابزاس، جۈملە، سۆز، ھەرپ ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى قالدۇرماي بىرلەشتۈرۈش، بەت ئۆزگەرتكۈچىنىڭ ئوڭاي پەرق ئېتىشى ئۈچۈن، كوررېكتور ئوخشىمىغان رەڭلىك قەلەم ئىشلىتىش ۋە ھەرپلەرنى ئېنىق يېزىپ بېرىش لازىم. ئەگەر سىگنالدا ئۆزگەرتىلگەن سۆز ـ جۈملىلەر ئەسلى ئورىگىنال بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ قالسا، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن سوراپ، توغرىسىنى تېپىپ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

4 ـ باسقۇچ، سېلىشتۇرۇش. سېلىشتۇرۇش ـ بىرلەشتۈرۈلگەن نۇسخا بىلەن تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى نۇسخىنى سېلىشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، پۈتكۈل كوررېكتورلۇقنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى. سېلىشتۇرغاندا، قەلەم تەككۈزۈلگەن جايلارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي سېلىشتۇرۇش، ئۆزگەرتىلگەن ئابزاس، جۈملىلەرنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنى ئەستايىدىل ئوقۇغاندىن تاشقىرى، شۇ ئابزاس ۋە جۈملە، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ باش ۋە ئاخىرىدىن بىرنەچچە قۇر خەتنى ئوقۇيۇش، ماۋزۇ، سۈرەت ـ رەسىملەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى قايتا ئوقۇيۇش، سۈرەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىززا-

هاتى ئوڭدىكىسى سولغا، سولدىكىسى ئوڭغا ئالمىشىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىش، ئاخىرقى نۇسخىنى تاپشۇرغاندا، بەت بېشى، سۈرەت، رەسىم، سىزىق، گۈل سىزىقلىرى، گۈللۈك رامكا، سىزىقلىق رامكا، قارا خەت (يازما سىنىك) ۋە تامغىلارنىڭ نۇسخىسىنى سىگنالغا چاپلاپ بېرىش ياكى سىزىپ بېرىش كېرەك.

ئورىگىنالدىكى ئەسەر، باب، ۋە باشقا سانلار بىر تۇتاش ئەرەب، رىم رەقەملىرى بىلەن يېزىلغان بولسا، بەت نۇسخىنى كۆرگەندە ياكى سېلىشتۇرغاندا ئايرىم سانلارنىڭ يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكى بايقالسا، دەرھال بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم.

پارچە ۋە پۈتۈن كورېكتورلۇقتا ئاتالغۇلار، قېلىپلاشقان سۆزلەر، يەر-جاي نامىلىرى، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەمىشە بىردەك ئىشلىتىلىشىگە يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىنقى كىتاب-ژۇرنال، گېزىتلەردىكى بىلەن ئوخشاش ئىشلىتىلىشىگە، بىر بەتتىكى بىلەن يەنە بىر بەتتىكىسىنىڭ، بۇ بىر پارچە ماقالە بىلەن يەنە بىر پارچە ماقالىدىكىسىنىڭ ئوخشاش بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئالدىنقىسىغا سېلىشتۇردۇم دەپ بۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى ئاتالغۇلارنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

5 - باسقۇچ: سىگنال (چىگىيالڭ) كۆرۈش. سىگنال (بەت نۇسخىسى) كۆرۈش ئادەتتە گېزىت، ژۇرنال، كىتابلارنى خاتاسىز چىقىرىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۆتكەلنىڭ بىرى، سىگنال كۆرگەندە، ماقالە-ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا دىققەت قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىم. پېشقەدەم مۇھەررىر، كورېكتورلارنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بىر مەسئۇل مۇھەررىر ئورىگىنالنى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم ئوقۇشى-بىر قېتىم ئوقۇپ تەكشۈرۈشى، بىر قېتىم پىششىقلاپ تەرتىپكە سېلىشى، بىر قېتىم بەت نۇسخىسىنى ئوقۇشى كېرەك.

بۇ تەجرىبەلەر ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، تەھرىرلىك، كورېكتورلۇق خىزمىتى بىلەن ئەمەلىي تونۇشقان يولداشلارنىڭ دىققەت قىلىشىغا ۋە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ. بۇ تەجرىبە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بىرىنچىدىن، بىر پارچە ماقالە-ئەسەرنىڭ ئورىگىنالىنى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم ئوقۇغاندا، ئاندىن ھەر خىل مەسىلىلەرنى بىر قەدەر تولۇق ھەل قىلىپ، تەھرىرلىك سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بەت نۇسخىسىنى ئوقۇغاندا شۇ ئورىگىنالنى ئوقۇغاندىكىدەك قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئوقۇش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، بەت نۇسخىسىنى ئوقۇش ماقالە-ئەسەرنى ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇش ھەم ئورىگىنالنىڭ رەسمىي ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئوقۇشتۇر. ئەگەر مۇشۇ ئىشقا ئەستايىدىل دىققەت قىلىنمايدىكەن، ماقالە-ئەسەر مەتبەئەدە ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خاتالىقلارنى تۈزىتىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىق بولىدۇ.

بەت نۇسخىسىنى ئوقۇغاندا، كوررېكتور كاللىسىدا بەت نۇسخىسىنى رەتلەش جەريانىدا ئايرىم قېپقالغان مەسىلىلەر ۋە باشقا مەسىلىلەرنى، ھەل قىلىش كېرەك، ئەمما، بەت نۇسخىسىنى ئوقۇش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئورىگىنالنى پىششىقلاشقا بولمايدۇ.

بەت نۇسخىسىنى كۆرۈشتە، نۇقتىلىق، تەپسىلىي ئوقۇلىدىغان جايلارنى بەلگىلەش. ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ تۈرىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، مەسىلەن، ئىجتىمائىي پەنگە دائىر ماقالە - ئەسەرلەردە بەت نۇسخىسىنى كۆرۈش نۇقتىلىرى سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولغان - بولمىغانلىقى، ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەردە خاتالىق بار - يوقلۇقى، ماتېرىيال ئاساسىنىڭ بار - يوقلۇقى، ئادەملەرگە بېرىلگەن باھادا پەرقىنىڭ بار - يوقلۇقى ۋە باشقىلار؛ پەن - تېخنىكىغا دائىر ماقالە - ئەسەرلەردە، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئىلغارلىق دەرىجىسى، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، بايانىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقى، فورمۇلا ۋە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئىشەنچىلىك دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلار؛ ئاخبارات ماقالە - ئەسەرلىرىدە ۋاقىت، ئورۇن، ئادەم، ئىش، سەۋەب، نەتىجىلەرنىڭ چىن، توغرا، دەل، ئىشەنچىلىك بولغان - بولمىغانلىقى قاتارلىقلار؛ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە بولسا، ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ بايان قىلىنىشى، پېرسوناژلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ باش - ئاخىرىدا زىددىيەت بار - يوقلۇقى ياكى ماسلاشمىغان جايلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى، لوگىكا، ستىلىستىكا، نەقىللەرنىڭ خاتا جايلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى قاتارلىقلارغا تەپسىلىي ۋە نۇقتىلىق قارىلىدۇ.

6 - باسقۇچ، ئاخىرقى نۇسخىنى كۆرۈش. ئاخىرقى نۇسخا — گېزىت - ژۇرنال، كىتاب بەتلىرىنىڭ تولۇق پۈتكەنلىكىگە ئېيتىلىدۇ.

كوررېكتورلار ياكى مەسئۇل مۇھەررىرلەر ئاخىرقى نۇسخىنى كۆرگەندە، بەتتىكى پۈتۈن ماقالە - ئەسەرلەرنى باشتىن - ئاخىر، قالدۇرماي ئوقۇپ چىقىشى ھاجەتسىز، چۈنكى، بۇنداق قىلىشقا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ. لېكىن، شۇ سان گېزىت - ژۇرنالنىڭ سان نومۇرى، ھەرقايسى بەت نومۇرلىرى، ھەرقايسى بەتلەردىكى چىسلالار، چوڭ - كىچىك ماۋزۇلار، سۈرەت - رەسىملەرنىڭ، جەدۋەل - سىخېمىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى تولۇق ئوقۇشى، ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ بەتتىن - بەتكە ئالماشقان قىسمىنىڭ توغرا چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكىگە قارىشى، بەتلەرنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرى ۋە ئاستىدىكى قۇرلاردا خەت چېچىلىپ كېتىش ئەھۋاللىرىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىشى، ھەر خىل بەت بېشى، تامغىلارنىڭ جايىغا توغرا چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىشى، خاتالىق بايقىلىدىكەن، دەرھال تۈزىتىشلىرى لازىم.

ئومۇمەن، كوررېكتورلۇق سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى نەشىر قىلىنغان

گېزىت - ژۇرنال، كىتابلارنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرى سەۋىيىلىك ۋە مەسئۇلىيەتچان كوررېكتور تىزىشتىكى خاتالىقلارنى تېپىشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئورىگىنالدا ساقلانغان سىياسىي جەھەتتىكى، بىلىم جەھەتتىكى، مەدەنىيەت، قانۇن، تۈزۈلۈش جەھەتلەردىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنىمۇ بايقىيالايدۇ. ئەمەلىيەتتە مەسئۇل مۇھەررىر ئۈچۈن تەھرىرلىك قىلىدۇ. سەۋىيىسى تۆۋەن، مەسئۇلىيەتسىز كوررېكتور تىزىشتىكى خاتالىقلاردىن قانچىسى ئۇچرىسا شۇنچىسى بىلەن بولدى قىلىدۇ، ئورىگىنالدىكى ھەر خىل مەسىلە ۋە ئېنىق خاتالىقلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ، زادى سۈرۈشتۈرمەيدۇ. بۇنداق رېئال ئەھۋالغا ئاساسەن، بىر كوللېكتىپ ئەسەرنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى كوررېكتورلۇقىنى كىم قىلغانلىقىنى، ئۈچىنچى كوررېكتورلۇقنى كىم قىلغانلىقىنى مەسئۇل مۇھەررىر تەشەببۇسكارلىق بىلەن كوررېكتورلۇق قىلىش تارماقلىرىغا بېرىپ ئىگىلەپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى تەكىتلەش زۆرۈر:

1) مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تەرجىمە قىلىنغان ماقالە - ئەسەرلەردە تەرجىمان، تەرجىمىنى سېلىشتۇرغۇچى، تەھرىرلىگەن ماقالە - ئەسەرلەردە تەھرىرلىگۈچىلەر ئورىگىنالنىڭ ئاخىرىغا ئىسمىنى يېزىپ قويۇشى لازىم، بەت نۇسخىسىنى كۆرگەن، پۈتۈن كوررېكتورلۇق قىلغان، بەت نۇسخىسى بىلەن كوررېكتورنى بىرلەشتۈرگەن، سېلىشتۇرغان ۋە ئاخىرقى نۇسخىسىنى كۆرگەن خادىملار ئۆزلىرى ئوقۇغان بەتلەرگە ئىمزا قويۇشى كېرەك.

2) ئورىگىنالنى باشقۇرۇشتا، ئىشلىگەن ماقالە - ئەسەرلەرنى ئوڭشاي پەرق ئېتىشۋېلىش ئۈچۈن، ئورىگىنال قايتا كۆچۈرۈلگەن، ياكى ماشىنىدا ئۇرۇلغان بولسا، ئەسلى ئورىگىنالنىڭ بىرىنچى ۋارىقى ياكى ھەممە ۋاراقلىرىغا باشتىن - بويىغا بىر سىزىق سىزىۋېتىش كېرەك، جاۋاب يېزىلىدىغان ياكى قالدۇرۇلىدىغان ماقالە - ئەسەرلەر بولسا، ئۇلارنىڭ ئورىگىناللىرىغا سەۋەبلىرىنى ئېنىق يېزىپ قويۇش، باشقۇرغۇچى ۋە باشقۇرۇلغان ۋاقىتنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىم.

3) مۇھەررىر، كوررېكتورلار بىر تەرەپ قىلغان ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ ئورىگىنالى، سىگنال ۋە پۈتۈن كوررېكتورلۇق نۇسخىلىرى كەم دېگەندە بىر يىل ساقلىنىشى لازىم. بۇ كېيىنكى تەكشۈرۈشلەرگە ئوڭايلىق يارىتىش ئۈچۈندۇر.

### 4 - كوررېكتورلۇقتا ھەمىشە ئۇچرايدىغان ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

1) كوررېكتورلۇق قىلىدىغان نۇسخىنى تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، گېزىت - ژۇرنال ماۋزۇسى، بەت سانىغا دىققەت قىلىپ ھەددىدىن ئارتۇق چوڭ ۋە كىچىك رەسىم-

سۈرەت، جەدۋەللەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئورىگىنالدا مەسىلە بولىدىكەن دەرھال مۇناسىۋەتلىشىپ ھەل قىلىش لازىم.

2) كوررېكتورلۇقنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئورىگىنالنىڭ 1- بېتىدىكى ياكى قوشۇمچە قىلىنغان باغاقچىغا ئەسكەرتىپ قويۇلغان تىزىش، بەت ياساش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى كۆرۈپ چىقىپ، ئاندىن كوررېكتورلۇقنى باشلاش كېرەك.

3) كوررېكتورلۇق قىلىنىدىغان ئۈستەلنىڭ ئۈستى پاكىز، رەتلىك بولۇش، ماقالە قويىدىغان ئورۇن مۇقىم بولۇش لازىم. كوررېكتورلۇق قىلىنىپ بولغان نۇسخا ۋە ئورىگىناللارنى ئۆز رېتى بويىچە دۆۋە قويۇش لازىم.

4) ئورىگىنال، نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىنى رەتلىك، پاكىز تۇتۇپ، يىرتىلغان جايلىرى بولسا، ۋاقتىدا چاپلاپ قويۇش كېرەك.

5) بۆلۈشۈۋېلىپ ئوقۇلىدىغان كوررېكتوردا، داۋاملىق ھالدا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىشىپ، بەت شەكلى، ھەرپ نومۇرى، ھەرپ شەكلى قاتارلىقلاردا باشتىن-ئاخىر بىردەك بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

6) كوررېكتورلۇق نۇسخىسىدىكى تۈزىتىلىدىغان چەت ئەل يېزىقلىرىغا ئاق-قارا، چوڭ-كىچىك، تۈز-يانتۇ، باسما-يازما شەكلى ھەمدە لاتىنچە، رۇسچە، گرېكچە دەپ ئەسكەرتىپ قويۇش لازىم.

7) تۈزىتىلگەن خاتا ھەرپ ۋە بەلگىلەر ئەگەر ئېنىق يېزىلماي قالغاندا ياكى خاتا يېزىلىپ قالغاندا، ئەڭ ياخشىسى باشقىدىن يېزىپ كۆرسىتىش كېرەك. چەت ئەل يېزىقلىرى، ماتېماتىكا، خىمىيىلىك تەڭلىمە-فورمۇلالاردا ئۆزگىرىش بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن ياكى تازا ئېنىق بولماي قالغان چاغلاردا، كوررېكتورلۇق نۇسخىسىنىڭ چېتىدىكى ئاق ئورۇنغا باشقىدىن ئېنىق شەكلىنى يېزىپ قويۇش كېرەك.

8) بىر قېتىم ياكى بىرقانچە قېتىم تۈزىتىلگەن ئورۇنلارنى يەنە بىر نۆۋەت ئوقۇپ چىقىپ، خاتا ھالدا باشقا ئورۇننىڭ ئۆزگەرتىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

9) ئورىگىنالدا قوشۇمچە قىلىپ قىستۇرۇلغان مەزمۇنلار بار ئورۇننى كوررېكتورلۇق قىلغاندا، قىستۇرۇلغان ئورۇننى ئوقۇغاندىن سىرت يەنە شۇ ئورۇننىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى تېكىستلەرنىمۇ قوشۇپ بىر نۆۋەت ئوقۇۋېتىش كېرەك.

10) مۇناسىۋەتلىك سىياسىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەر، ئوڭ ۋە تەتۈر مەنىسى بولغان سۆز-ئىبارىلەر، مۇناسىۋەتلىك دورا ئۆلچەملىرى، ئۆلچەم بىرلىكلىرى ھەمدە شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئاسان ئارىلىشىپ قالىدىغان ھەرپ، سان ۋە بەلگىلەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

11) ئورىگىنالدا ئېنىق بولمىغان ھەرپ ۋە بەلگە ئۇچرىغاندا، ئالدى-كەينىدىكى سۆز جۈملىلەرنى ياكى يۇقىرى-تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ كۆرۈش ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك.

12) تېكىست ئىچىدە «يۇقىرىدىقى رەسىمگە قاراڭ» ياكى «يۇقىرىدىكى جەدۋەلگە قاراڭ» دەپ ئەسكەرتىش بېرىلگەن رەسىم ياكى جەدۋەل بەتتىكى ئورۇن مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئۆزئارا ئۇلاشتۇرۇپ ياسالمىغان ئەھۋاللاردا ھەرقايسىسىنىڭ ئەسكەرتىشىنى بەت ياسالغاندىن كېيىنكى رەسىم ياكى جەدۋەلنىڭ ئورنى بويىچە ئۆزگەرتىپ قويۇش كېرەك.

13) تەرجىمە قىلىنغان ئەسلى نۇسخىسى قوشۇپ ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە، ئەگەر ئورىگىنالىنىڭ مەلۇم جايىدا ئېنىق بولمىغان سان سىفىر ياكى بەلگىلەر ئۇچرىسا، ئەسلى نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ كوررېكتورلۇق قىلىش لازىم. لېكىن ئەسلى نۇسخىسىدا تۈزىتىش بار-يوقلۇقىغا، ئاپتورنىڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن-كىرگۈزمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەسلى نۇسخىسىدىن پايدىلانغاندا، ئۆزگىچە بولغان رەسىم، سۈرەت، جەدۋەل، ئادەم، جاي ئىسمى، يىل، ئابزاس قاتارلىقلاردىن ئىزدەش لازىم.

14) فوتوسۈرەت، قىستۇرما رەسىم، جەدۋەل، سىخېما، خەرىتە ئۇچرىغان ئەھۋاللاردا ئۇلارنىڭ بىر چېتىگە «×× بەتتىن كېيىن چۈشىدۇ» ياكى «××× ئورنىغا ماسلاشتۇرۇلىدۇ» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇش لازىم.

15) كوررېكتورلۇق نۇسخىدا ئەگەر فوتوسۈرەت، قىستۇرما رەسىملەر بولۇشقا تېگىشلىك بولۇپ، تېخى كوررېكتورلۇققا ئەۋەتىپ بېرىلمىگەن بولسا، كوررېكتورلۇق نۇسخىغا «رەسىم (سۈرەت) كەم» دەپ يېزىپ قويۇش كېرەك.

16) كوررېكتورلۇقنى بىرىنچى يولدا توختىتىپ، ئوقۇلۇپ بولۇنغان قىسمىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش توغرا كەلسە، ئوقۇپ توختىغان ئورۇنغا بەلگە سېلىپ قويۇش لازىم.

17) كوررېكتورلۇق قىلىپ تۈزىتىش جەريانىدا، كوررېكتورلۇق كەسپى ياكى كەسپىي بىلىم جەھەتتە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋېلىش ۋە تەتقىق قىلىش، مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىش كېرەك. بۇنداق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىختىيارىچە ئۆزگەرتمەسلىك ھەم بىپەرۋالىق قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك لازىم. ئۆز پىكرىنى راس قىلىپ تۇرۇۋېلىشقا، قول ئۇچىدا ئىشلەپ، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

18) كۈندىلىك خىزمەت ئاخىرلاشقاندا، كوررېكتورلۇق نۇسخىسى بىلەن ئورىگىنالنى رەتلەپ ئىدتىلىق ئورۇنغا ئېلىپ قويۇش لازىم. بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان كوررېكتورلۇق نۇسخىسى ۋە ئورىگىنالنى ئايرىم-ئايرىم قويۇپ

# كەلپىن شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئىسلام يۈسۈپ

كەلپىن تىلى مەركىزىي دىئالېكت رايونىغا تەۋە بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي تىل ۋە باشقا دىئالېكتلاردىن پەرقلىنىدىغان بىرمۇنچە ھادىسىلەر بار. شۇڭا كەلپىن تىلىنى تەكشۈرۈش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كەلپىن تىلىنى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكا جەھەتلەردىن ئەدەبىي تىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق خېلى زور. لېكىن كەلپىن شېۋىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ھازىرغىچە قولغا ئېلىنمىغانىدى. مەن تۆۋەندە بۇ ھەققىدىكى يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ كەلپىن شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالار.

## فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك

كەلپىن شېۋىسىدە فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىرەك ئەھۋال تۆۋەندىكىدەك:

ئۆرۈق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ئاخىرقى بوغۇمى «ئا» سوزۇق بىلەن ئاخىرلاشقان بىر قىسىم سۆزلەر ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن

---

ئۇلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

19) كوررېكتورلۇق پۈتۈنلەي تۈگىگەندىن كېيىن، كوررېكتورلۇق نۇسخىسىنىڭ بىرىنچى بېتىگە كوررېكتور ئۆزىنىڭ تولۇق ئىسمى بىلەن قول قويۇشى، باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان بەت نومۇرىنى، كوررېكتورلۇق نۆۋىتى، ۋاقتىنى ئوچۇق ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك. مۇھەررىر ياكى ئاپتوردىن سوراپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولسا، ئايرىم باغاقچە يېزىپ قىستۇرۇپ قويۇش لازىم.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قاتار مەسىلىلەر ئوردىگىنالنى تەھرىرلەش، تۈزىتىش، تىزىش، سېلىشتۇرۇش، بەت ياساش ئىشلىرى قول مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھازىرقى رېئال ئەھۋالدىن ئېلىندى. كەلگۈسىدە تەھرىرلەش، تىزىش، بەت ياساش ۋە باشقا مەشغۇلاتلار ئېلېكترونلاشقاندىن كېيىنمۇ كوررېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ شەكلىنى قىسمەن ئۆزگەرتىشكىلا بولىدۇكى، ئۇنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ياكى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

تۇرلەنگەندە «ئا» فونېمىسى « i » غا ئاجىزلاشماي، ئۇنىڭ ۋارىيانتى « ɪ » غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| ئاپىسى | ʌpɪːsɪ |
| ئاكىسى | ʌkɪːsɪ |
| ئاچىسى | ʌqɪːsɪ |
| ئانىسى | ʌnɪːsɪ |
| ئۇكىسى | ukɪːsɪ |

شۇنداقلا بوغۇم ئاخىرىدا كېلىدىغان «ئا» تاۋۇشى كەلپىن شېۋىسىدە « ɪ » تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| پالتا | paltɪ |
| دورا | dorɪ |
| سومكا | somkɪ |
| تاماكا | tamakɪ |

كەلپىن شېۋىسىدە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئەدەبىي تىل بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. بىراق تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

(1) «ر» تاۋۇشى كەلپىن شېۋىسىدە «ي» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ياكى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| بىر | bɪ |
| كىر— | kɪy |
| يىگىرمە | yɪgɪymə |
| تەتۈر | tətüy |
| ئىتتىر— | ɪttɪ |

(2) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ج» كەلپىن شېۋىسىدە «ژ» ياكى «ش» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| كاجلىق | كاشلىق |
| خەجلە— | خەشلە |
| بەتخەج | بەتخەش |

(3) ئەدەبىي تىلدا سۆز بېشىدا ياكى سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «ۋ» فونېمىسى كەلپىن شېۋىسىدە كۆپ ھاللاردا «گ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ياكى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| جۇۋاز | جۇگاز |
| ئۇۋال | ئۇگال |
| جۇۋان | جۇگان |
| زەدىۋال | زەدىگال |
| سۇۋا — | سۇگا |
| هاندۇۋا | هاندۇگا |
| يۇۋاش | يۇگاش |
| هاۋانچا | هاگانچا |

(4) سۆز تەركىبىدىكى بەزى سۆزلەردە «ۋ» فونېمىسى «غ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| ئۇۋاق | ئۇغاق |
| تۇۋاق | تۇغاق |
| سوۋۇتۇش | سوغۇتۇش |

كەلپىن شېۋىسىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىر قەدەر كۈچلۈك. بىر قىسىم سۆزلەردە تىل ئارقا سوزۇق «ئا» تاۋۇشى تىل ئالدى سوزۇق «ئە» گە ئۆزگىرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش كۆپ هاللاردا تەركىبىدە تىل ئۇچى ۋە تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ئۈزۈك تاۋۇشلار بولغان سۆزلەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| هاسىراش | هەسىرەش |
| ئادەم | ئەدەم |
| هاكاۋۇر | هەكەۋۇر |

كەلپىن شېۋىسىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ هالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشى خۇددى لوپنۇر دىئالېكتىغا ئوخشاش ناهايىتى كۈچلۈك. سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلسە، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بوغۇملاردىمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| موزاي | موزوي |
| نوگاي | نوگوي |
| ئۆكەي | ئۆكۆي |

بۆرناكۆن    بۆنۆكۆن
كۆسەي    كۆسۆي

بىرىنچى بوغۇمى «ئە» بىلەن تۈزۈلۈپ ئۈچۈق بوغۇم ھالىتىدە قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە «ئە» تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدا ئاجىزلىشىپ «ئې» غا ئايلانسا، كەلپىن شېۋىسىدە «ئى» غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا    كەلپىن شېۋىسىدە
كېمە    كىمە
كېچە    كىچە
كېلىن    كىلىن
كېپىنەك    كىپىنەك

«ئە» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلۇپ، بىرىنچى بوغۇمى ئۈچۈق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، شۇ بوغۇمدىكى «ئە» ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش «ئې» غا ئاجىزلاشماي، «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا    كەلپىن شېۋىسىدە
جان - جېنى    جىنى
ئەپ - ئېپى    ئىپى
كەل - كېلىڭ    كىلىڭ
كەت - كېتەي    كىتەي
يەت - يېتەر    يىتەر
بەل - بېلى    بىلى

ئەدەبىي تىلدا «ر. ۋ. ئا» تاۋۇشلىرىدىن كېيىن «پ» فونېمىسى كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە «پ» فونېمىسى كەلپىن شېۋىسىدە «ۋ» بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا    كەلپىن شېۋىسىدە
كىرپە    كىۋە
تاپىلاش    تاۋىلاش
تورپاق    توۋاق
سوپۇن    سوۋۇن
كۆرپە    كوۋە

بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى بوغۇمىدىكى تىل ئالدى سوزۇق «ئى» نىڭ ئالدىدا كەلگەن «ھ» تاۋۇشى كەلپىن شېۋىسىدە كۆپىنچە «ي» غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىي تىلدا    كەلپىن شېۋىسىدە

| | |
|---|---|
| شېھىت | شىيىت |
| بېھىش | بىيىش |
| ھېساپ | يىساپ |
| گاھى | گايى |
| مېھمان | مىمان |
| جاھىل | جايىل |

بىرىنچى بوغۇمى «ئا» فونېمىسى بىلەن باشلانغان كىشى ۋە نەرسە ئىسىملىرىدىكى «ئا» فونېمىسى ئالدىدا كەلپىن شېۋىسىدە بىردەك «ھ» فونېمىسى پەيدا بولىدۇ. ھەمدە بۇ خىل ئىسىملاردىكى ئۇزۇك تاۋۇش «ب» فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «ۋ»غا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| ئاشىق | ھاشىق |
| ئابلىز | ھاۋلىز |
| ئاجايىپ | ھاجايىپ |
| ئەقىل | ھەقىل |
| ئەيىپ | ھەيىپ |

شۇنداقلا يەنە «ئە» سوزۇقى بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە «ئە» فونېمىسى ئالدىغا بىر «ھ» فونېمىسى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| ئەجەپ | ھەجەپ |
| ئەمەل | ھەمەل |
| ئەينەن | ھەينەن |
| ئەينولا | ھەينولا |
| ئەپەندى | ھەپەندى |

بىر قىسىم بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ھ» فونېمىسى كەلپىن شېۋىسىدە چۈشۈپ قالىدۇ. ياكى «ئە» فونېمىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| تۆھمەت | تۆمەت |
| ئىمتىھان | ئىمتان |
| جاراھەت | جارائەت |
| راھەت | رائەت |
| ماھارەت | مارەت |

بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئا. ە. ن. ئې» تاۋۇشلىرىدىن كېيىن كەلگەن «ي» فونېمىسى كەلپىن شېۋىسىدە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| كەلپىن شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| سارا | سايرا — |
| قارىش | قايرىش |
| قاسى | قايسى |
| غەۋەت | غەيۋەت |

× × ×

## گراممانىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار كەلپىن شېۋىسىدىكى فونېتىكىلىق ئەھۋاللار. گراممانىكا جەھەتتىن كەلپىن تىلى ئەدەبىي تىل بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. ئەمما يەنىلا ئايرىم پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ پەرقلەرنىڭ ئالاھىدىلىكرەكى كۆرسىتىش ئالىماش، پېئىل زامانى، ئۆملۈك سان ۋە سۈپەتلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| ماۋۇ | مۇگۇ، ماگۇ، مو، موۋۇ |
| ئاۋۇ | تەگۇ، ئۇگۇ، ئاگۇ |
| ئەنە | ئىنا، تەينا، تىنا، تىننكا |
| ئەشۇ | تەشۇ، تەشچۇ |

گۇمان ۋە تەخمىننى بىلدۈرىدىغان تولۇقسىز پېئىل «دۇر» (قىسقارغان شەكلى «دۇ») كەلپىن شېۋىسىدە بىردەك «تۇ» بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
|---|---|
| ئوقۇيدۇ | ئوقۇيتۇ |
| ماڭغاندۇ | ماڭغانتۇ |
| قالغاندۇ | قالغانتۇ |
| كۆزلەيدۇ | كۆزلەيتۇ |
| سۆزلەيدۇ | سۆزلەيتۇ |
| كۆرگەندۇ | كۆرگەنتۇ |
| كىرگەندۇ | كىرگەنتۇ |

شەخس، سان، زامان كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەخس ئالدىغا كەلپىن

شېۋىسىدە «ت» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
| --- | --- |
| كۆرىمەن | كۆرىتمەن |
| يازىمەن | يازىتمەن |
| ئالىمەن | ئالىتمەن |
| ياتىمەن | ياتىتمەن |
| بارىمەن | بارىتمەن |
| كىرمەيمەن | كىرمەيتمەن |
| ئىشلەيمىز | ئىشلەيتمىز |

كەلپىن شېۋىسىدە سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ئەدەبىي تىلدىكى قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىشتىن تاشقىرى، يەنە «چىڭ، ئىڭ، يامان، بىلەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

چىڭ ياخشى بالا بولاپتۇ (ناھايىتى ياخشى بالا بوپتۇ)

بۇ ئىڭ ياخشى ئىش بولدى (بۇ بەك ياخشى ئىش بولدى)

يامان ئىلغار تېخنىكا ئىكەن (بۇ بەك ئىلغار تېخنىكا ئىكەن).

سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلىتمە دەرىجىسى كەلپىن تىلىدا «غىنا، قىنا، غىنە، قىنە، گىنە، كىنە» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسىلىشتىن تاشقىرى، يەنە «غىنەك، قىنەك، گىنەك، كىنەك، گىتەك، كىتەك» دېگەندەك قوشۇمچىلار بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | كەلپىن شېۋىسىدە |
| --- | --- |
| ئېگىزغىنە | ئېگىزغىنەك |
| ئازغىنا | ئازغىناك |
| كىچىككىنە | كىچىككىنەك |

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۆملۈك سانلار «ەيلەن، يلەن» دېگەندەك قوشۇمچىلار بىلەن ياسالسا، كەلپىن تىلىدا «ۋيلە» دېگەن قوشۇمچە بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بەشۋيلە   ئونۋيلە   سەككىزۋيلە   دېگەندەك

كەلپىن شېۋىسىدە ئۈندەش سۆزلەرنىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن ئالاھىدە بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

(1) يىلا — بۇ، ئەجەبلىنىش ۋە ھەيرانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يىلا ھەجەپ ماشىنىكىنا (قالتىس ماشىنىكەنغۇ بۇ)

(2) ئەنىقەي — بۇ، يارائىماسلىق، كەمسىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەنقەي، مومىنلىك قىلغان ئۇسالىلىقىنى قالا (بۇنىلىك قىلغان ئەسكىلىكىنى قارا)

(3) ئۈنئۈكۈي، ئانكوي، نۇكۈي، كۈي - بۇلار بەزىدە پۇشايماننى، بەزىدە ھەيران قالغانلىقىنى، بەزىدە نارازىلىقنى، بەزىدە بولسا قورقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۈنئۈكۈي، بۇ ئىشنى مەنلا قىلامىمە (ھەي، بۇ ئىشنى مەنلا قىلامتىم)

نۇكۈي، ھەجەب بىلەن ھىمارەتكەنغۇ مووۇ (ۋاي، ئەجەب كاتتا ئىمارەتكەنغۇ بۇ)

ئانكۈي، بۇ يەگە كەلمىسەم بولاپتىكەن (ۋاي ۋۇي، بۇ يەرگە، كەلمىسەم بوپتىكەن)

كۈي، يەن كەپسەنغۇ (ھەي يەنە كەپسەنغۇ).

## لېكسىكا جەھەتتە

كەلپىن تىلىدا ئەدەبىي تىلدا ۋە باشقا دىئالېكت رايونلىرىدا قوللىنىلمايدىغان ئۆزگىچە قوللىنىلىدىغان يەرلىك سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەر كەلپىن خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا پەقەت ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئەندو (قوپال) | جاغىل (ئالارەڭ) |
| زاكا (ئاتىكاچا) | كۆسى (ئورۇندۇق) |
| بەقەم (ساراڭ) | زە (قىزغانچۇق) |
| ئالاڭامق (پاراكەندىچىلىك) | چاكقۇرۇن (ئالددراش) |
| سوقىمچەك (سۇپا) | مەلتۇك (گاچا) |
| تاشمەت (ياسانچۇق) | چاۋا (سەت) |
| گۆندا (ئېغىر) | ساچان (قوھۇش) |

كەلپىن تىلىدىكى يۇقىرىقىدەك فونېتىكىلىق، گرامماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ھادىسىلەر كەلپىن تىلىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىش تىل تەتقىقاتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

www.uyghurkitap.com



# مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ھەققىدە

شېرىن قۇربان

قىسقىچە مەزمۇنى: مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى — ئانتروپولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك كۆزىتىش، نەق مەيداندا تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە ئۇقۇملاشتۇرۇش — نەزەرىيىۋىلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەتقىقات مېتودلىرىدۇر. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پەنلەردىن مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، بەدەن ئانتروپولوگىيىسى، ئېرسىيەتشۇناسلىق، فىزىئولوگىيە، ئېكولوگىيە قاتارلىقلار بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ.

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ
ھازىرقى زامان پەن-مەدەنىيىتىدىكى
ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى كىشىلەرگە
يېقىن كەلگۈسىدە ئايان بولغۇسى.

— ب. ب. سېئارس

## 1. ئانتروپولوگىيە ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى ۋە ھەجمى

ئانتروپولوگىيە ئىنسانلار توغرىسىدىكى تەلىمات بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخى خېلى يىراق قەدىمكى زامانغا بارىدۇ. ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتىنى سەل يىراقراق سۈرۈشتۈرگەندە، «قەدىمكى دەۋرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى» (ماركس)، «قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ بىلىملىك شەخس» (ئېنگېلس)، «ماتېرىيالىزمغا ئەڭ مايىل» (لېنىن)، قەدىمكى گرېك كىلاسسىك مۇتەپەككۇرى ئارىستوتېل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 384 — 322-يىللىرى ياشىغان) غا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇنىڭ «ئادەم-سىياسىي مەخلۇق دېمەكتۇر» دېگەن سۆزى ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان تەپەككۇر دۇردانىسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى، زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئانتروپولوگىيە ئۇقۇمىنىڭ مېغىزى (مەزمۇنى) ۋە ھەجمى (دائىرىسى) مۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىپ بارماقتا. ھەرخىل ئېقىملار ۋە ئالىملارنىڭ مەزكۇر ئۇقۇم توغرىسىدىكى قارىشى ۋە ئېنىقلىمىسىدا تاھازىرغا قەدەر بىرلىك يوق. بۇ يەردە بىز ئالدى بىلەن ھازىر دۇنيا ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر قەدەر تىپىك كۆز قاراشلاردىن بىر قانچىسىنى كۆرسىتىمىز.

«خەلقئارا ئىجتىمائىي پەنلەر ئېنسىكلوپېدىيىسى» (1968-يىل نەشرى) دە: «ئانتروپولوگىيە، ئۇنىڭ نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىدىن ئايانكى، ئۇ ‹ئىنسان توغرىسىدىكى تەتقىقات›، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسان تەتقىقاتچىلىقىدىكى ئەڭ ئەتراپلىق پەنلەر كۆللىياتىسىدۇر. بۇ خىل ئەتراپلىق ئانتروپولوگىيىنىڭ بۈتۈنكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتى جۇغراپىيىسى ۋە سالنامىسىنىڭ دائىرىسى بىلەن باغلىنىشلىقىدا، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىسىنىڭ يەنە تىل، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، گۈزەللىكنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئېتىقاد سىستېمىسىدىن ئىبارەت مۇشۇ خىلدىكى ئوخشاش بولمىغان ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسان توغرىسىدىكى پەنلەر ئىچىدە، ئانتروپولوگىيە ئەمەلىيەتتە بەدەن ئانتروپولوگىيىسى بىلەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى تارماق پەننى تەتقىق قىلىدىغان بىردىن-بىر پەندۇر.» دەپ شەرھىلەنگەن.

«ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» (1984-يىل نەشرى) دە: «سۆز ئېتىمولوگىيىسىدىن قارىغاندا، ‹ئانتروپولوگىيە› ئادەم توغرىسىدىكى پەن. ئەمەلىي تەتقىقاتتىن قارىغاندا، ئانتروپولوگىيە پەقەت ئىنسانلار توغرىسىدىكى ھەرخىل پەنلەر ئىچىدىكى بىر پەن. ئۇ ئىنسانلار توغرىسىدىكى تۈرلۈك پەنلەرنى بىر يەرگە جەملەپ ئۇنىۋېرساللاشتۇرىدۇ، بۇ خىل پەنلەرنىڭ ئورتاق نىشان-مەقسىتى بولسا، ئاھالىلەرنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئادەمنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە شەرھىلەيدۇ ھەمدە زاماننىڭ سىلجىشى بىلەن مەزكۇر ئاھالىلەردا كۆرۈلگەن ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتنى تەكىتلەيدۇ. ئانتروپولوگىيە ئىرق ئۇقۇمىنى ئانتروپولوگىيە ئىلمىنىڭ بىر تەرىپىگە، مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى ئانتروپولوگىيىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ۋەكىل قىلىدۇ، گەرچە بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ مېغىزىدا يەنىلا زىتلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇقۇملا ئانتروپولوگىيە ساھەسىدىكى ئەڭ ئومۇمىي ئۇقۇملار ھېسابلىنىدۇ، ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى بۇ ئۇقۇملارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ» دەپ ئىزاھلانغان.

«ئامېرىكا ئېنسىكلوپېدىيىسى» (1980-يىل نەشرى) دە، ئانتروپولوگىيە ئىلمىي بىئولوگىيە ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل قاراش نۇقتىسىدىن

چىقىپ تەتقىق قىلىنغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئادەمنى ھايۋاننىڭ بىر تەركىبىي قىسمى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدىغان ئانتروپولوگىيە بەدەن ئانتروپولوگىيىسى دەپ ئاتالسا، ئادەمنى ئىجتىمائىيەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا بەرپا قىلغان تۇرمۇش شەكلى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدىغان ئانتروپولوگىيە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.»

«ياپونىيىنىڭ خەنزۇچە ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى» دە: «ئانتروپولوگىيە ئىنسانغا ئائىت بارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) ئىنساننىڭ ئالاھىدىلىكى، (2) ئىنساننىڭ ئورنى، (3) ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى، (4) ئىنسان سىستېمىسى، (5) ئىنسانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى، (6) ھەرخىل ئىرقلارنىڭ خاراكتېرلىك ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ھەمدە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى، (7) ئىنسانلار مەدەنىيىتى، (8) ئىنسانلارنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى. شۇنداق بولغاچقا، ئانتروپولوگىيە ئىلمى بىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىرسىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەن تەبىئىي ھالدا زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

«سوۋېت ئىتتىپاقى ئېنسىكلوپېدىيىسى» (1981 - يىل نەشرى) دە: «ئانتروپولوگىيە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۆزگىرىشى؛ ئىنسان ئىرقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىنسان بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ نورمال ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن» دەپ كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىدىكى تىپىك قاراشلارنى ئۆزئارا تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئانتروپولوگىيىنىڭ ئېنىقلىمىسى، تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل قاراشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. بىرخىل قاراشتىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئانتروپولوگىيە ئىنسانلارنى ئەڭ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىدىغان پەنلەر جەمئىيىتى، ئۇ بەدەن ئانتروپولوگىيىسى بىلەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىرخىل قاراشتىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئانتروپولوگىيە ئىنساننىڭ بەدەن ئانتروپولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. شۇڭا، ئۇ، تەبىئىي ئانتروپولوگىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرى تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان ئاسىيا دۆلىتى ياپونىيە بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەردىندۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەردۇر.

تۈپ ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئانتروپولوگىيە ئىنسان ھەققىدىكى پەن بولۇپ، ئۇ بەدەن ئانتروپولوگىيىسى بىلەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ جەھەتنى تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فرانسىيە تەبىئەت تارىخى مۇزېيىدا «ئانتروپولوگىيەدىن لېكسىيە» ئۆتكۈزۈلگەنىدى. سۆزلەنگەن لېكسىيىلەر ئەمەلىيەتتە ئىنسان بەدەن قۇرۇلمىسى، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە ئىنسان پسىخىكىسىدىن ئىبارەت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بەدەن ئانتروپولوگىيىسى بىلەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى گۆش بىلەن ئۇستىخاندەك ئايرىلماس بىر گەۋدىدۇر. مەلۇمكى، ئىنسانلار ھايۋاناتتىن بۆلۈنۈپ ئايرىلىپ چىققان. شۇڭا، ئۇ تەبىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىنسانلار ھايۋاناتتىن بۆلۈنۈپ «ئادەم» بولغاندا، ئۇ ھايۋاناتتىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھايۋاناتتىن بۆلۈنۈپ «ئادەم» بولۇش جەريانى ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ماددىي مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەل تەرەققىيات تارىخى، ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ماددىي تەرەققىياتىنى ئاساس قىلغان دەبدەبىلىك مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدۇر. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئىنسانسىز مەدەنىيەت بولماس، مەدەنىيەتسىز ئىنسان بولماس دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان ئانتروپولوگىيە ئىلمى، مۇقەررەركى، ئىنسان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسان مەدەنىيىتى تەتقىقاتىسىز ئانتروپولوگىيە ئىلمى مەۋجۇت بولالمايدۇ دېگىلى بولىدۇ.

## 2. ئانتروپولوگىيە ئىلمىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى

ئانتروپولوگىيە ئىلمىنىڭ رەسمىي پەن بولۇپ شەكىللىنىشىنى كىشىلەر XIX ئەسىردىن ھېسابلايدۇ. لېكىن چىڭراق سۈرۈشتۈرۈلسە، بۇ پەننىڭ شەكىللىنىش ئېلېمېنتىنى قەدىمكى گرېتسىيەگە ئاپىرىشقا بولىدۇ. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئانتروپولوگىيە ئالىمى ھاددون ئۆزىنىڭ «ئانتروپولوگىيە تارىخى» (1934-يىلى) دېگەن ئەسىردە، ئانتروپولوگىيىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنى قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىدىن بۇرۇنقى 420-484-يىللار) بىلەن زەبەردەست ئالىم ئارىستوتېلدىن باشلىغان.

ھېرودوت «تارىخ پىرى» نامى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى كېزىپ ئۆتكەن تۇنجى تارىخىي شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئون يىللىق ئۇزۇن ساياھەت جەريانىدا، فېنىكىيە، سۈرىيە، بابىلون، نىل دەريا ساھىلى ۋە پارس ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىگە كېلىپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى بارغان رايونلارنىڭ جۇغراپىيىسى، تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېتىقادى توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك ۋە مول ماتېرىياللارنى توپلىغان. ھالبۇكى، بۇ بىباھا ماتېرىياللار ئۆز نۆۋىتىدە ئانتروپولوگىيىنىڭمۇ ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. ھېرودوتنىڭ «تارىخ» («گرېتسىيە - پېرسىيە ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن يىرىك ئەسىرى مۇشۇ خىلدىكى ماتېرىياللار جۇملىسىگە كىرىدۇ.

ئارىستوتېل — قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالىمى. ئۇ «سىياسىي» دېگەن ئەسىرىدە «ئادەم» توغرىسىدا توختىلىپ، «ئادەم - سىياسىي مەخلۇقتۇر» دېگەن. ئارىستوتېل بۇ يەردە «سىياسىي» ئۇقۇمىنى «ئىجتىمائىي» ئۇقۇم مەنىسىدە ئىشلەتكەن. ئۇ ئادەمنى «ئىجتىمائىي مەخلۇق» دېمەكچى. ھالبۇكى، «ئىجتىمائىيلىق» - ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى، غەرب ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى ئانتروپولوگىيە ئىلمىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى ھېرودوت ۋە ئارىستوتېلدىن باشلايدۇ. دەرۋەقە، بۇ خاتا ئەمەس.

ئەمما، ئانتروپولوگىيە ئىلمىنى ھەقىقىي، سىستېمىلىق ۋە مەخسۇس يەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلغان ئالىم گېرمانىيىلىك باستىيان (1826-1905) بىلەن رادزېل (1844 — 1904) لاردۇر. ئۇلار ئەنگلىيىلىك مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەشۇناسى تولور (1832 — 1917) بىلەن بىرلىكتە تەدرىجىي تەرەققىيات مەزھىپىنى شەكىللەندۇرۇپ، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتىنى باشلىغان. شۇڭا، ئۇلار مۇشۇ يەننىڭ بەرپاچىلىرى سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان. تەدرىجىي تەرەققىيات مەزھىپىنى ئامېرىكىدا گۈللەندۇرۇپ، ئۇ يەردە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى شەكىللەندۇرگەن شەخس ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئانتروپولوگىيەشۇناسى مورگان (1818 — 1881) دۇر.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، غەرب دۇنياسىدا تەدرىجىي تەرەققىيات مەزھىپىگە قارشى رەڭگا - رەڭ مەزھەپلەر بارلىققا كەلدى. گېرمانىيىدىكى «نېمىس مەدەنىيەت چەمبىرىكى مەزھىپى»، ئامېرىكىدىكى «تارىخىي مەزھەپ»، ئەنگلىيىدىكى «تارقاتقۇچىلار مەزھىپى» شۇ مەزھەپلەر جۈملىسىدىندۇر. «تەدرىجىي تەرەققىيات مەزھىپى» گە قارشى دولقۇن ئىچىدە پەقەت فرانسىيىدىكى «جەمئىيەتشۇناسلىق يىلنامىسى مەزھىپى» لا قارشى ئېقىمغا پىسەنت قىلماي، تەدرىجىي تەرەققىيات مەزھىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئانتروپولوگىيە ئىلمىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىدى ۋە راۋاجلاندۇردى.

ئەسىرىمىزنىڭ 20 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيە ئانتروپولوگىيە ساھەسىدە «فۇنكسىيىچىلەر مەزھىپى» بارلىققا كەلدى. بۇ مەزھەپ ئەنگلىيىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى ساھەسىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قوزغاپ، تاكى 50 - يىللارغىچە داۋام قىلغان.

ئەنگلىيىدىكى پولشالىق مالىنوۋىسكى (1884 — 1942) بۇ مەزھەپنىڭ داھىيسى ئىدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى ئامېرىكىدا «پسىخولوگىيە مەزھىپى» شەكىللەنگەن. بۇ مەزھەپ مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى «مەدەنىيەت ۋە شەخسىيەت» ئۈستىگە قويۇپ، زور تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

60 - يىللارغا كەلگەندە، جەمئىيەت تەرەققىياتى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىلىك تەسىرى بىلەن يېڭى تەدرىجىي تەرەققىيات مەزھىپى بىلەن قۇرۇلمىچىلىق مەزھىپى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئامېرىكا ۋە فرانسىيىدە روناق تېپىپ، پۈتۈن دۇنياغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇ زامانىمىز مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىكى ئىككى زور بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولۇپ، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، ئانتروپولوگىيە ئىلمى بەدەن ئانتروپولوگىيىسى ۋە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ غول يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلماقتا. ماكرولۇقتىن مىكرولۇققا قاراپ تارماقلارغا بۆلۈنۈش بىلەن مىكرولۇقتىن ماكرولۇققا قاراپ ئۇنىۋېرساللىشىش، ئانتروپولوگىيە ئىلمىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. مەزكۇر پەن مۇشۇ روشەن ئالاھىدىلىكى بىلەن پەنلەر گۈلزارىدا جۇلالىنىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ تەبىئىي ئانتروپولوگىيىسى، سىياسىي ئانتروپولوگىيە، ئىقتىسادىي ئانتروپولوگىيە، شەھەر ئانتروپولوگىيىسى، قانۇن ئانتروپولوگىيىسى، مائارىپ ئانتروپولوگىيىسى قاتارلىق بەرگىلىرى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرماقتا. ئانتروپولوگىيىنىڭ فۇنكسىيىسى يېقىن كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ئايان بولغۇسى!

### 3. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرى

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بىلەن بەدەن ئانتروپولوگىيىسى ئانتروپولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىككى چوڭ تارمىقى. بۇ يەردە بىز سەھىپە چەكلىمىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىمىز.

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى، ئۇنىڭ نامىدىلا چىقىپ تۇرۇپتۇكى، ئىنسان مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىلىم. «خەلقئارا ئىجتىمائىي پەنلەر ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە «مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى» ئۇقۇمىغا بېرىلگەن تۆۋەندىكى ئېنىقلىمىنى

كىشىلەر بىر قەدەر توغرا ۋە ئىلمىي ئېنىقلىما دەپ قارايدۇ: «مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ئانتروپولوگىيىنىڭ يادروسى، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئىنسان بىئولوگىيىسى بىلەن ئەڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، يەنە ئىنساننى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان بارلىق پەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىدە ئەڭ مۇھىم ئۇقۇم — مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت ئېنىقلىمىسىدۇر. چۈنكى مەدەنىيەت ئېنىقلىمىسى ئارقىلىقلا مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ كاتېگورىيىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى يەشكىلى بولىدۇ.»

يۇقىرىدىكى ئېنىقلىمىدىن مەلۇمكى، مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسى «مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى» نىڭ ئېنىقلىمىسىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ تۈپ ئاساسى. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ئۇقۇمىغا مەدەنىيەت ئۇقۇمىسىز توغرا ۋە ئىلمىي ئېنىقلىما (تەبىر) بەرگىلى بولمايدۇ.

«مەدەنىيەت» ئۇقۇمىنىڭ مېغىزى ۋە ھەجىمى توغرىسىدا مۇكەممەل بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق، ئەمما، بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن قاراش بار. ئۇ بولسىمۇ، «مەدەنىيەت — ئىنسانلار ياكى ئىنسانلار ئىچىدىكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپ توپىنىڭ پائالىيەت شەكىللىرى ھەمدە بۇ پائالىيەت شەكىللىرى ئاساسىدا يارىتىلغان ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلاردۇر. مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتتىكى (پائالىيەت شەكىللىرى، ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلار) ئىنسان توپى بىلەن ئىنسان توپىنى، ئىنسان بىلەن غەيرىي ئىنساننى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاساسى.»

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى ئۇنىڭ ئانتروپولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىدا تۇتقان ئورنىدىن بىلگىلى بولىدۇ. ئانتروپولوگىيىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى تۆۋەندىكى شەكىل ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىغا كەلسەك، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى، نەق مەيداندا تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ئۇقۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى: كىشىلەر مەلۇم بىر ئانتروپولوگىيىلىك ھادىسىنى تاللاپ تەتقىق قىلماقچى بولغاندا، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەتقىق قىلىنغۇچى ھادىسە بىلەن باغلىنىشلىقى بار بولغان بارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. مەسىلەن، تاشقورغان رايونىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىگىلىك تەرەققىياتى جەريانىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم مەزكۇر رايوننىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى جەريانىنى مۇكەممەل خۇلاسىلىمەكچى بولغاندا، مۇشۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن تۈرلۈك قائىدە-يوسۇنلار-نىڭ تەپسىلاتى بىلەن ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنى چوقۇم تەكشۈرۈشى لازىم. شۇنداق

بولغاندىلا، ئۇ ئاندىن ئانتروپولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ.

نەق مەيداندا تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى: بۇ ئۇسۇل ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئاساسىي تەتقىقات ئۇسۇلى. ئۇ بىرخىل بىۋاسىتە كۆزىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ خام ماتېرىيالى بىۋاسىتە ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغۇچى تەتقىقاتچى ھەم بىۋاسىتە قاتناشچى ھەم بىۋاسىتە تەكشۈرگۈچى سالاھىيتى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئاندىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى، قائىدە-قانۇنىيىتى، شەكلى، زامان جەھەتتىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى توغرىدىن-توغرا ئىگىلىۋالىدۇ.

سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى: بۇ ئۇسۇلنى ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى گېزى كەلگەندە قوللىنىدۇ. مەسىلەن، بىر ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتچىسى مەلۇم بىر يېزىغا تەكشۈرۈشكە بارغاندا، بۇ يېزىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغاندا، مەزكۇر يېزىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قانداق شەكىللەنگەنلىكىگە قىزىقىدۇ. ئاندىن ئۇ مۇشۇ مەسىلىنى باش بېكەت قىلىپ، كەنتتىكى ئۇرۇق، جەمەت ۋە تۈرلۈك گۇرۇھلارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تېپىپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى ئانتروپولوگىيىنىڭ ھەرقانداق ساھەسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۇقۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى: مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقات يۈزلىنىشى، ئومۇمەن، ئەمەلىي سىناقلاردىن ئۆتكەن پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ، نەزەرىيىۋىلەشتۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار ئۆزى كۆرگەن-ئاڭلىغان ۋە قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن ئۆز پەننىڭ تۈرلۈك ئۇقۇملىرىنى تۇرغۇزۇپ چىقىدۇ ھەم نەزەرىيە جەھەتتىن بۇ ئۇقۇملارنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمىنى شەرھىلەيدۇ.

## 4. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ئۆزىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرماقتا. ئۇنىۋېرسال پەن خاراكتېرىنى ئالغان مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى، بىر جەھەتتىن، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن جۈزئىي ماسلىشىپ، بىر قىسمى بىلەن بىر تەن-بىر جان بولۇپ بىرىكمەكتە، بىر جەھەتتىن، يەنە مۇستەقىل پەن خاراكتېرىنى ئالغان مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ئۆزىنىڭ خاسلىق خاراكتېرىنى ساقلاپ تۇرماقتا. ئامېرىكا ئوگايو ئۇنىۋېرسىتېتى ئانتروپولوگىيە فاكۇلتېتى پروفېسسورى فېرېدىلىنىڭ «ئانتروپولوگىيە-ئادەم توغرىسىدىكى تەتقىقات» دېگەن ئەسىرى (1977-يىل نەشرى) دە، مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئانتروپولوگىيىسى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلغاندا، «ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ روشەن پەرق شۇكى، ئانتروپولوگىيىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن، ئالايلۇق، ئىقتىسادشۇناسلىق پەقەت ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنىلا تەتقىق قىلسا، سىياسىي پەقەت سىياسىي ھادىسىلەرنىلا تەتقىق قىلىدۇ. لېكىن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بولسا، مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىكى ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇ يەنە ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسىي ... قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ ھەم ئۇلارنى بەلگىلىك مۇھىتتا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ قويىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

(1) مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ۋە مىللەتشۇناسلىق

مىللەتشۇناسلىق بىلەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ھەم ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق ھەم ئۆزئارا پەرقلىق بولغان ئىككى ئىجتىمائىي پەن، ئۇلارنىڭ باغلىنىشلىقى شۇ يەردىكى، «مىللەت» نى مىللەتشۇناسلىقمۇ تەتقىق قىلىدۇ، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. مىللەتشۇناسلىق مىللەت توغرىسىدىكى ئىلىم. ئۇ مۇھىمى ھازىرقى ھايات مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى تەتقىق قىلىدۇ. مىللەتشۇناسلىقنىڭ تارىخى تەرەققىيات خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇ تېخى قالاق مىللەتلەرنى، باشقىچە ئېيتقاندا، «تەبىئىي مىللەت» لەرنى تەتقىق قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىمۇ مىللەتنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ مىللەتشۇناسلىق ئىلمىي ئاساسىدا ئەڭ ئومۇمىي، ئەڭ ئۇنىۋېرسال نەزەرىيىۋى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى قوللىنىپ، مىللەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ «تەبىئىي مىللەت» لەرنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا توختاپ قالمىغان مىللەتشۇناسلىق ئىلمىدىن پەرقلىق ھالدا، بارلىق مىللەتلەرنى، مىللەتنىڭ ھەممە جەھەتنى تەتقىق قىلىدۇ. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى گەۋدىلىك پەرق شۇ يەردىكى، مىللەتشۇناسلىق مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بولسا، پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. تەتقىقات مەزمۇنىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى مىللەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسىدىن ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىقى مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتچىلىقىنىڭ پەقەت بىر مۇھىم مەزمۇنى بولىدۇ، خالاس.

(2) مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق

جەمئىيەتشۇناسلىق رەسمىي پەن سۈپىتىدە ئانتروپولوگىيە بىلەن تەڭ دۇنياغا كەلگەن. 1836-يىلى فرانسىيە ئالىمى كونت (1857-1798) جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنى بەرپا قىلغانىدى. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى توغرىسىدا زىت

قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى پەن ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ پەرقىگە كەلسەك، مەزمۇن جەھەتتە، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ، جەمئىيەتشۇناسلىق بولسا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەرسىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. مېتود جەھەتتە، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان بىر يۈرۈش تەتقىقات ئۇسۇلى بار. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭمۇ خاس تەتقىقات مېتودى بار، يۇقىرىدىكى ئىككى خىل پەرقتىن باشقا، يەنە بۇ ئىككى پەننىڭ «جەمئىيەت»، «مەدەنىيەت» دېگەن ئاساسلىق ئۇقۇملىرىمۇ ئۆزئارا خاراكتېرلىك پەرقلىنىدۇ، بۇنداق دېگەنلىك، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىلىق قىلىپ ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم توپى بىلەن ئادەم توپى، شەخس بىلەن ئادەم توپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بولسا، نۇقتىلىق قىلىپ شەخس بىلەن ئادەم توپىنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. دەرۋەقە، ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىقى بىلەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى نۇرغۇن جەھەتلەردە بىر-بىرىنى شەرت ۋە تەقەززا قىلىدۇ. يەنى جەمئىيەتشۇناسلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئەھمىيەت بەرسە، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى يەنە جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئانتروپولوگىيىنىڭ جەمئىيەت ئانتروپولوگىيىسى دېگەن تارماق پېنى دەل بۇ ئىككى خىل پەننىڭ قىسمەن ماسلىق مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان پەندۇر.

(3) مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بىلەن تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ماھىيەتتە، ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل تارىخى توغرىسىدا ئىزلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بىلەن تارىخشۇناسلىقنىڭ زەنجىرسىمان مۇناسىۋىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بىلەن تارىخشۇناسلىقنىڭ پەرقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى دائىم مەلۇم دۆلەت ياكى مەلۇم مىللەتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇساپىسىدۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئالاھىدىلىك خاراكتېرىگە ئىگە. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بولسا، پۈتۈن ئىنسانىيەت تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتچىلىقى بولۇپ، ئۇ، ئومۇمىلىق خاراكتېرىگە ئىگە.

ئىككىنچىدىن، تارىخشۇناسلىق دىققەت-ئېتىبارىنى ۋەقەلىك ۋە شەخس تارىخىغا قارىتىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ تەتقىقاتى بەكمۇ تەپسىلىي ۋە كونكرېت بولىدۇ.

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى بولسا، دىققەت - ئېتىبارىنى ئىجتىمائىي جامائەسىنىڭ مەدەنىيىتىگە قارىتىدۇ. ئۇ نەزەر دائىرىسىنى مەلۇم ۋەقە ياكى شەخس كەچۈرمىشىگە قاراتمايدۇ ياكى قاراتقاندىمۇ جۈزئىي دائىرىدە چەكلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ نىسبەتەن ئابستراكىت بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تارىخشۇناسلىقنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. ئۇ تېخى بەزىدە تارىخىي شەخسنىڭ پۈتكۈل سەرگۈزەشتىسىنى تەپسىلىي قېزىپ چىقىرىدۇ. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ئۇنداق ئەمەس. ئۇ تارىختىن بۇرۇنقى جەمئىيەت بىلەن ھازىرقى زامان جەمئىيەت مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقلەر بىلەن ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بەكرەك تەتقىق قىلىدۇ.

دەرۋەقە، مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، تارىخشۇناسلىق بىلەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ پەرقلىرى ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقىغا يەتمەيدۇ. تەرەققىيات يۈزلىنىشى جەھەتتىن ئالغاندا، تارىخشۇناسلىق جۈزئىي ۋەقەلىكلەرنى تەتقىق قىلىشتىن تەدرىجىي سىياسىي تارىخ، ئىقتىساد تارىخى، ئىدىيە تارىخى ۋە ھەتتا ئۇنىۋېرساللاشقان مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئۆتىدۇ. تارىخشۇناسلىق مەدەنىيەت ئېڭى جەھەتتىن تەدرىجىي مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىگە قاراپ يېقىنلىشىدۇ. شۇڭا، يېقىنقى مەزگىللەردىكى تەرەققىيات ھالىتىدىن ئېيتقاندا، تارىخشۇناسلىق بىلەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تۈپكى پەرقى ئۇلارنىڭ تەتقىقات مېتودىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىلا كۆرۈلمەكتە. تارىخچىلار مۇھىمى تارىخ، بولۇپمۇ تارىخىي يازمىلار بىلەن ئەسەرلەردىكى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى بىلەن يىللارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى بولسا ئالاھىدە ئۇسۇل قوللىنىدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا تەتقىق قىلىنىدىغان رايونغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، زىيارەت قىلىدۇ ياكى ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ. ئۇلار ئىگىلىگەن ھازىرقى جانلىق پاكىت، ئەھۋال ۋە كۆرۈنۈشلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خاتىرىلەپ ماڭىدۇ، ئاندىن ھەر خىل ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە يەكۈن چىقىرىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، تارىخشۇناسلىق «مەدەنىيەتنىڭ تاشقا ئايلىنىشى» نى تەتقىق قىلسا، مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى «تاشقا ئايلانغۇسى مەدەنىيەت» نى تەتقىق قىلىدۇ.

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى يۇقىرىدىكى پەنلەردىن باشقا، يەنە جانلىقلار ئىلمى، ئىرسىيەتشۇناسلىق، فىزىئولوگىيە، ئېكولوگىيە قاتارلىق پەنلەر بىلەنمۇ زىچ باغلانغان بولىدۇ. غەرب مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىلىرىنىڭ «بىئولوگىيىلىك ئانتروپولوگىيە» دېگەن ئۇقۇمنى «بەدەن ئانتروپولوگىيىسى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىدا قوللىنىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا مۇشۇ يەردە!


ئانتروپولوگىيە
مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى
بەدەن ئانتروپولوگىيىسى
ئارخېئولوگىيە
پسىخولوگىيىلىك ئانتروپولوگىيە
مىللەت تەزكىرەشۇناسلىقى
جەمئىيەت ئانتروپولوگىيىسى
مىللەتشۇناسلىق
تىل ئانتروپولوگىيىسى
بىئولوگىيىلىك ئانتروپولوگىيە
فىزىئولوگىيىلىك ئانتروپولوگىيە
ئېكولوگىيىلىك ئانتروپولوگىيە
ئىرقشۇناسلىق
ئىنسان بەدەن قۇرۇلمىسى ئىلمى
ئاشقا ئايلانغان ئانتروپولوگىيە
ئىنسان پارالمىشۇناسلىقى
تارىختىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيە
تارىختىن بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيە
تەدبىق ئانتروپولوگىيىسى
تىببىي ئانتروپولوگىيە
قۇرۇلۇش ئانتروپولوگىيىسى
يېزا - كەنت ئانتروپولوگىيىسى
نوپۇس ئانتروپولوگىيىسى
ئىقتىسادىي ئانتروپولوگىيە
سىياسىي ئانتروپولوگىيە
قانۇن ئانتروپولوگىيىسى
مائارىپ ئانتروپولوگىيىسى
شەھەر ئانتروپولوگىيىسى
ئوزۇقلۇق ئانتروپولوگىيىسى
ياشانغانلار ئانتروپولوگىيىسى

# ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تېپىلىش جەريانى توغرىسىدا

تۇرسۇن ھوشۇر

ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقلىرى دەۋرىدىن قالغان تارىخىي ھۆججەتلەر توپلىمى. مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېپىلىشى، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدىكى كەڭ بوشلۇقنى تولۇقلاپ بەردى. مەڭگۈ تاشلار تېپىلمىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى مىلادى 840 ـ يىلىدىن نېرىغا ئۆتەلمەيتتى. (ئىلىم ساھەسىدە بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدىكە ياتىدىغان ماددىي پاكىت بولمىسا ئېتراپ قىلىنمايتتى). مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىنى بىراقلا ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئالدىغا سۈردى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ۷ ئەسىردىن تاكى ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىلغانغا قەدەر بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋردىكى كۆكتۈرك، ئۇيغۇر، قىرغىز، تاتار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قەبىلىلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى، سىياسىي ـ ئىقتىسادى،

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


«سىخەي»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1979 ـ يىل نەشرى.

«ئىجتىمائىي پەنلەر لۇغىتى» شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى.

«يېڭىدىن شەكىللەنگەن پەنلەر قوللانمىسى»، لىياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

«ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بەرپا قىلىشى»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى.

ئارىستوتېل: «قورال نامە»، گۇاڭدۇڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى.

ھېرودوت: «تارىخ» 1 ـ، 2 ـ قىسمى، شاڭخەي كىتاب باسمىسى 1985 ـ يىل نەشرى.

«مىللەت لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى.

ئاپتور ئۆزىنىڭ: «ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى»، «مىللەتشۇناسلىق»، «ئېتنوگرافىيە ئىلمى»، «مەنتىق ئىلمىنىڭ پىرى ـ ئارىستوتېل» قاتارلىق ماقالىلىرى.

دىنى، قاغانلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشى، يىمىرىلىشى، ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، قانۇن - ئىنتىزاملىرى، ئەسكەرلىك سەنئىتى، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر يورۇتۇلۇپ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا بولمىغان ياكى بولسىمۇ تولۇق بولمىغان تەرەپلەرنى تولۇقلاپ بەردى.

مەڭگۈ تاشلار 1721- يىلى تۇنجى قېتىم تېپىلىپ، ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى، بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش خادىملىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇ يەرگە كېلىپ، يىگىرمىدىن كۆپرەك يېزىق - بەلگىلىرى بار تاشلارنى تاپتى. 1893 - يىلى مەڭگۈ تاشلاردىكى ھەرپ - بەلگىلەرنىڭ ئوقۇلۇش ئۇسۇلى تېپىلغانغا قەدەر بىرنەچچە قېتىم مەڭگۈ تاشلارنىڭ يېزىق - بەلگىلىرى ۋە رەسىملىرى بېسىپ تارقىتىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇلدى. ئەمما بۇ يېزىق بەلگىلەرنى كىشىلەر بىلمىگەچكە مەڭگۈ تاشلارنى كىم؟ قاچان؟ نېمە مەقسەتتە تىكلىگەنلىكىگە بىر نەرسە دېيەلمەيتتى، ھەمدە بىر نەرسە دېيىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ مەڭگۈ تاشلار «سىرلىق تاش»، مەڭگۈ تاشلاردىكى ھەرپ - بەلگىلەر «سىرلىق يېزىق» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالدى...«سىرلىق تاش»، «سىرلىق يېزىق» دەپ ئاتالغان مەڭگۈ تاشلار ۋە يېزىقلار قانداق قىلىپ بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك V ئەسىردىن تارتىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر بولغان كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھۆججەتلەر بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ شۇ مەڭگۈ تاشلار ۋە يېزىقلار ئۈستىدە جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «سىرلىق» تەرەپنى ئېچىپ بەرگەن ئالىملارنىڭ ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى خالاس. مۇبادا شۇ ئالىملارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بولمىغان بولسا، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ V ئەسىردىن 840 - يىللىرىغا قەدەر بولغان مەدەنىيەت تارىخى يورۇتۇلمىغان بولاتتى. «كۆكتۈرك يېزىقى» ۋە «تۈرك - رونىك يېزىقى» دېگەن ئاتالمىلارمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن «سىرلىق تاش» ۋە «سىرلىق يېزىق» لار سىرلىق پېتىچە قېلىۋېرەتتى. شۇڭا مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېپىلىشىدا ۋە يېزىق - بەلگىلىرىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشتا ئالاھىدە تۆھپىسى بولغان ئالىملارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن بۇ ئالىملارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولماس، ئەلۋەتتە.

ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى قاچان؟ كىم تەرىپىدىن تېپىلدى؟ بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتلاردىن جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

1730- يىلى ستراھلېنبېرگ «بۈيۈك تاتارىستان، سىبىرىيە ۋە روسىيە ساياھەتنامىلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ نەشىر قىلدۇردى. ئۇ بۇ ئەسىرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ سىبىرىيىدە مېسېر شىمىتقا ياردەمچى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ھەققىدە مېسېر شىمىتقا قارىغاندا ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ۋاقتىنىڭ ئىنتايىن قىسقا بولغانلىقىنى، بۇ ماتېرىياللارنى ئەسلىدە مېسېر شىمىتنىڭ نەشىر قىلدۇرۇشى لازىملىقىنى، ئەمما خېلى ۋاقىت كۈتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن خەۋەر بولمىغاچقا ئۆزى نەشىر قىلدۇرغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

سترالېنبېرگ (Tabbert von strahlen berg) يەنە بىر ئىسمى (Johann philipp strahlenberg) ئەسلىدە شۋېتسىيىلىك ئوفىتسېر بولۇپ، 1707 - يىلى شۋېتسىيىنىڭ كارل XII· بىلەن چارپادىشاھ پېتر I· پولتاۋادا ئۇرۇشىدۇ. نەتىجىدە كارل XII· مەغلۇپ بولىدۇ. شۋېتسىيە ئارمىيىسى تەرەپتىن 9000 ئادەم ئۆلۈپ، 18000 ئادەم ئەسىر چۈشىدۇ. روسىيە تەرەپ بۇ ئەسىرلەرنى سىبىرىيىدىكى توبولسك شەھىرىگە سۈرگۈن قىلىدۇ. سترالېنبېرگمۇ شۇ قاتاردىكى ئەسىر بولۇپ، 1720 - يىلى مېسېر شىمىت بىلەن توبولسك شەھىرىدە تونۇشقان ۋە سىبىرىيىنى ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. 1722 - يىلى ئەسىرلىك ۋاقتى توشقاندىن كېيىن مېسېرشىمىتتىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە قايتقان.

1782 - يىلى پ. س. پاللاس (Peter Simon Pallas) «شىمالدىن يىغىلغان مەلۇماتلار» ناملىق ئەسەر يازدى. ئۇ بۇ ئەسىرىدە مېسېر شىمىت ئىسىملىك بىر كىشىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «مېسېر شىمىت مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرق تىللىرىنىمۇ بىلەتتى. ئىلمىي تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىرىشكەن بولۇپ، كۈندۈزى تىنماستىن تۈرلۈك ئەۋرىشكىلەرنى توپلىسا، كېچىلىرى تاڭ ئاتقىچە بۇلارنىڭ ماتېرىيالىنى يېزىپ چىقاتتى ۋە بىرنەچچە سائەتلا ئۇخلاپ يەنە خىزمەتكە كىرىشىپ كېتەتتى...» دەپ ئۇنىڭ ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى پ. س. پاللاسمۇ سىبىرىيىگە مېسېر شىمىتتىن كېيىن بارغان ۋە ساياھەت داۋامىدا، پەقەت ئۆزىدىن تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى سىبىرىيىگە بارغان ۋە ئۇ يەرگە بىرىنچىلىك چىغىر يولىنى ئاچقان مېسېر شىمىتتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن. پ. س. پاللاس قاتارلىق ئالىملار مېسېر شىمىتنىڭ خاتىرىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى نەشىر قىلدۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرەلمىگەن.

1962 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئې. ۋىنتېر (E. Winter) ۋە ن. ئا. فىگۇرووۋسكىي (N. A. Figurovskiy) لار كىرىش سۆز يازغان، گ. ژاروش (G. Jarosch) مۇھەررىرلىكىدە تۈزگەن ئالتە جىلدلىق كىتاپ نەشىر قىلىندى. بۇ كىتابقا يەنە خەرىتە ۋە مەڭگۈ تاشلارنىڭ فوتو نۇسخىسى بېرىلگەن بولۇپ، كىرىش سۆزدە ئالتە جىلدلىق بۇ كىتابنىڭ ئەسلى ئورگىنالىنى مېسېرشىمىت يازغانلىقىنى، خەرىتىنى مېسېر شىمىت سىزغانلىقىنى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ فوتو نۇسخىسىنى مېسېرشىمىت ئالغان-

لىقىنى ۋە بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈشنىڭ قانداق ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلغانىدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ مەلۇماتتا مېسسېرشمىتنىڭ نامى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئالدى بىلەن مېسسېرشمىت توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

د. گ. مېسسېر شمىت (1735—1685 D. G. Messerschimdt) پولشانىڭ گدانىسك شەھىرىدىن. دوختۇر. مېسسېرشمىتنىڭ يۇرتى گدانىسك چارپادىشاھ پېتر I. تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، مېسسېر شمىت چارپادىشاھ پېتر I. گە ياخشى تەربىيە كۆرگەن ۋە قابىلىيەتلىك، ئىلمىي خادىم سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن 1718- يىلى رۇسىيىدە خىزمەتكە كىرىشتى. ئۇ يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1920- يىلى سىبىرىيىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇنىڭ بۇ سەپىرى چارپادىشاھ پېتر I. نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

مېسسېر شمىت ئالدى بىلەن سىبىرىيىنىڭ مەركىزى توبولسك شەھىرىگە كېلىپ، شۇ يەردىكى ئەسىرلەر لاگېرىدا تۇرۇۋاتقان شۋېتسىيىلىك ئوفىتسېر ستراھلېنبېرگ بىلەن تونۇشىدۇ. ستراھلېنبېرگ ئالىي مەلۇماتقا ئىگە، ئىلمىي ئىشلارغا قىزىقىدىغان ياش بولغاچقا، مېسسېرشمىت ئۇنى ئۆزىگە ياردەمچىلىككە تاللايدۇ. 1722 - يىلى ستراھلېنبېرگنىڭ ئەسىرلىك ۋاقتى توشۇپ، مەملىكىتىگە قايتتى. مېسسېرشمىت باشقا ياردەمچىلىرى بىلەن تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇنىڭ كەسپى گەرچە دوختۇر بولسىمۇ، ئۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەتكە كىرىشىپ بوتانىكا، زوئولوگىيە، مىنېرالوگىيە، تىبابەتچىلىك، تىلشۇناسلىق، تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيىگە ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى دۇنيادىكى ھەرقايسى ساھە ئالىم ئەھلىلىرىنى بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر ئەڭ مۇھىم ئەمگىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت مەڭگۈ تاشلارنى تېپىپ، ئالىم دۇنياسىغا تونۇتۇش بولدى. گەرچە ئۇ، بۇ مەڭگۈ تاشلاردىكى ھەرپ - بەلگىلەرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئورخۇن - يېنسەي دەريالىرى بويىدا يېزىق - بەلگىلىرى بولغان تاشلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئالىم دۇنياسىغا تونۇتۇشنىڭ ئۆزى زور كەشپىيات ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى مۇنداق بولدى. 1721- يىلى 12 - ئاينىڭ 31- كۈنى يەرلىك بىر كىشى مېسسېرشمىتلار تۇرغان جايغا كېلىپ، يېقىن ئەتراپتا قورغان ۋە مازار تاشلىرىنى كۆرگەنلىكىنى، بۇ تاشلارنىڭ ئۈستىدە رەسىم ۋە بەلگىلەرنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەتىسى مېسسېرشمىت خىزمەتكارىنى بۇ كىشى بىلەن بىرگە بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. خىزمەتكار قايتىپ كېلىپ ھەقىقەتەن ئاباقان، يېنىسەي دەريالىرىدىن بىرقانچە كېلومېتىر يىراقلىقتىكى يېنىسەي ياپىلىقىدا مۇشۇنداق تاشلارنىڭ بارلىقىنى، ئۈستىدە يېزىق ۋە بەلگىلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان مېسېرشمىت دەرھال ئۇ جايغا بېرىپ، تەكشۈرۈش ۋە يېزىقى بار تاشلارنى رەسىمگە ئېلىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

1722 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يەنە بىر كىشى كېلىپ ئاباقان دەرياسىنىڭ باشقا يېرىدە يەرلىك ئاھالىلەردىن بىر كىشىنىڭ بىر ھەيكەلنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن يېزىقى بار تاشلار تېپىلىشقا باشلىدى. مېسېرشمىت شۇ چاغقىچە تېپىلغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ كوپىيىسىنى ئېلىۋالدى.

مېسېرشمىت 1727 - يىلى ئىلمىي تەكشۈرۈشىنى ئاياقلاشتۇردى. بىراق بۇ ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلىغان قىممەتلىك ماتېرىياللىرىنى ئۆزى نەشىر قىلدۇرالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ سىبىرىيىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە يېقىندىن قوللىغان چارپادىشاھىسى پېتىر I. 1725 - يىلى ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان كاتېرىنا I. مۇ 1727 - يىلى ئۆلدى. قوللىغۇچىلىرىدىن مەھرۇم قالغان مېسېرشمىت سەككىز يىللىق ئەمگىكىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكىنى يېقىندىن بىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ قىممەتلىك ماتېرىياللىرىدىن بەزى كىشىلەر پايدىلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ماتېرىياللىرى نەشىر قىلىنمىدى، ئۇنىڭ نامىمۇ تىلغا ئېلىنمىدى. ئۇزۇن ۋاقىت جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانى ئالىم مېسېرشمىتنى ناھايىتى زەئىپلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، كىشىلەردىن قاچىدىغان ۋە قورقىدىغان بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ 1735 - يىلى 50 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ھەر ھالدا مېسېرشمىتنىڭ ئەمگىكى بىكار كەتمىدى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئالىملار ئۇ باشلاپ بەرگەن يولنى بويلاپ سىبىرىيىگە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ سىرىنى ئاچتى. ئۇ توپلىغان ماتېرىياللارمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن تەخمىنەن ئىككى يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ۋېنتېر، فىگۇرووۋسكىي ۋە ژاروشلار تەرىپىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىلدى.

مېسېرشمىت بىلەن ستراھلېنبېرگ تۇنجى بولۇپ يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىنى بايقىغان ۋە كوپىيىسىنى ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتقاندىن كېيىن، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، فىنلاندىيىلىكلەر 1889 - يىلى بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ شۇ چاغقىچە مەلۇم بولغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ كوپىيىسىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن

باشلاپ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇھىم خەۋەرلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. روسىيىلىكلەر ئورخۇن دەرياسى بويىدىن يېنىسەي دەرياسى بويىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان خېلى كۆپ يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان فىنلاندىيىلىكلەر ئىككىنچى قېتىم يولغا چىقىپ، يەنە يېڭى ئەسەرلەرنىڭ كوپىيىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما ھېچكىم، يېزىقلارنىڭ ئوقۇلۇشىغا ۋە ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارغا بىرنەرسە دېيەلمەيتتى.

1884-يىلى فىنلاندىيىلىك ئاسپېلىن (J. R. Aspelin) مەڭگۈ تاشلاردىكى بارلىق ھەرپ، بەلگىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، بۇ يېزىقنىڭ 38-40 بەلگىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بەلگىلەرنىڭ تاۋۇش قىممىتىنى بېكىتىشكە يەنىلا ئامالسىز قالدى.

بۇ مەسىلىنى دانىيىلىك تۈركولوگ ۋىلھېلم تومسېن (Vilhelm Ludvig peter THomsen) ھەل قىلدى. ئۇ كلاسسىك تىللار بىلەن بىرگە نوردىك تىللىرى فىلولوگىيىسىنى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنى ئوقىغان بولۇپ، ئاساسەن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانىدى. ئۇنىڭ فىن، رومان ۋە گېرمان تىللىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ياۋروپالىق ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلغانىدى. تومسېن قايسى تېمىغا قول تىقسا، شۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى يورۇتمىغىچە، تاشلاپ قويمايتتى، ئانا تولىدىكى قەدىمكى فرىگىيا① (Frigya) يېزىقلىرى بىلەن ئەترۇسك② (Etrüsk) يېزىقىنىڭ ئوقۇلۇشىنىمۇ ۋىلھېلم تومسېن تاپقانىدى. قەدىمكى يېزىقلارنى ئوقۇشنىڭمۇ بىر خىل يولى ۋە ئۆزگىچە مېتودى بار ئىدى. تومسېندا بولسا مېتود ۋە تەجرىبىلەر كۆپ، شۇنداقلا ئەڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملار ئىچىدە بۇنداق يېتىشكەن تىل ئالىمى يوق دېيەرلىك ئىدى. ۋىلھېلم تومسېن ئۆزىگە خاس ئىقتىدار ھەم مېتود بىلەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەتقىقاتقا كىرىشتى.

كۆكتۈرك ئېلىپبەسىمۇ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تىلىدىكى «تەڭرى» سۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن يورۇتۇلغانىدى. يېزىقلاردا بارلىق سۆزلەر ئىككى چېكىت قويۇلۇش يولى بىلەن بىر-بىرىدىن ئايرىلغانىدى. سوزۇق تاۋۇشلار، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن خېلى ئاز ئىدى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ مەنتىق بويىچە ئىش ئېلىپ بارغان تومسېن، بەختىنىڭ نىشانى (تەتقىقاتنىڭ ئۇتۇقلۇق

① فرىگىيا - مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000-يىللىرى كىچىك ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمى شۇنداق ئاتالغان ۋە شۇ يەردىكى خەلقلەرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

② ئەترۇسك - مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IX ئەسىردە ئاناتولىيىدىن ئىتالىيىگە كۆچكەن خەلقلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى) سۈپىتىدە «ئى» ۋە «ئۇ» تاۋۇشلىرىنى تەخمىنەن ئارقىلىق بولسىمۇ تاپتى. ئەمما ھەممىسى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىدىن يەنە كۆرۈشتى. بۇ قېتىممۇ بىر - بىرىنىڭگە ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنى ساناشقا باشلىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بىر سۆز بارلىق مەڭگۈ تاش يېزىقلىرىدا باشقا سۆزلەردىن كۆپ ئۇچرايتتى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى خەلقلەر بۇ سۆزنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە دائىم دېگۈدەك بىرقانچە قۇردا بىر قېتىم قوللىناتتى. تومسېن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، ئۇچرىغان بۇ سۆزنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر-نىڭ قەدىمكى تىلىدا «تەڭرى» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى تېخىچىلا بىلەلمىگەنىدى. گەرچە بۇ سۆزنىڭ ئاخىرى «ئى» بىلەن تۈگىگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ «تەڭرى» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلىسۇن؟ بۇنىڭدىنمۇ نەتىجە چىقمىدى. باشقا بىر يولنى تېخىچە تاپالمىدى. 732 - يىلى تىكلەنگەن «كۆلتېگىن» مەڭگۈ تېشىنىڭ بىر تەرىپىدە خەنزۇچە خەتلەر بار بولۇپ، خەنزۇچە خەتتە «تېگىن» شەكلىدە بىر كىشى ئىسمىمۇ ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ قالاتتى. چۈنكى خەنزۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ سۆزلىرىنى، ئۇ سۆز تەلەپپۇزلىرىغا بويسۇندۇرۇپ بۇزۇپ قوللىناتتى ۋە شۇنداق يازاتتى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىلىدىكى «تېگىن» سۆزىنى، خەنزۇلار «تېچىن - 特勤» شەكلىدە يازاتتى. ئەمما نېمە بولسا بولسۇن «ت، ئى، ن، ئې» تاۋۇشلىرى بۇ سۆزدە ئۇچرايدۇ. تومسېن مەڭگۈ تاشتىكى سۆزلەرنى ساناشقا «تېگىن» دېگەن سۆزنىمۇ تاپتى. شۇنداق قىلىپ ئىشلار ئاسانلاشتى. «تېگىن» ۋە «تەڭرى» سۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن ئىدى. «ت، ئې، گ، ن، ئى» تاۋۇشلىرى ھەر ئىككى سۆزدىلا بار ئىدى. بۇ بەش تاۋۇش تېپىلغاندىن كېيىن مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئوقۇلۇشى ئۈچۈن ئاخىرى تومسېننىڭ ئالدىدا ھېچقانداق توسالغۇ قالمىدى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېلىپبەسىنىڭ 38 - 40 بەلگىسىنى تاپقان تومسېن، مەڭگۈ تاشلارنى ئوقۇشنىڭ ئاچقۇچىنى 1893 - يىلى دانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە سۇندى. بۇ ئاچقۇچ بىلەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تىلىنى ياخشى بىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم، مەڭگۈ تاشلارنىڭ يېزىقلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولدى.

كۆكتۈرك ئېلىپبەسىنى ئوقۇشنىڭ ئاچقۇچى تېپىلغاندىن كېيىن، غەربتە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات مۇسابىقىسى باشلاندى. بۇ «مۇسابىقە» گە چۈشكەنلەرنىڭ بىرى ۋ. رادلوف بولۇپ، ئۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىل دىئالېكتلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئاچقۇچنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ چاغقىچە

مەلۇم بولغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ تېكىستلىرىنى ۋە تەرجىمىلىرىنى 1895 - يىلى نەشىرگە تەييارلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، باشقا تۈركولوگلارمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە ئائىت، ھەربىر ساھە مەخسۇس تەتقىق قىلىنغان ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنىلا ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ ئۆگىنىش توغرا كەلسە قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ بۇنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئىلمىي ئادەملەرلا چۈشىنەلەيدۇ.

ھازىر بىزدىمۇ قەدىمكى كۆكتۈرك، ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى بىلىدىغان ۋە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنى ئوقۇيالايدىغان تەتقىقاتچىلىرىمىز يېتىشىپ چىقتى. ھەمدە بۇ جەھەتتە زور ئىلمىي ئەمگەكلەر ياراتتى. بۇ ھەقىقەتەن ئىپتىخارلىنىشقا ئەرزىيدۇ. مۇبادا مېسسېرشمىت ۋە ستراھلېنبېرگلار بۇ مەڭگۈ تاشلارنى تاپمىغان بولسا، ھەمدە دانىيىلىك تىلشۇناس ۋىلھېلم تومسېن مەڭگۈ تاشلاردىكى يېزىق - بەلگىلەرنىڭ ئوقۇش ئاچقۇچىنى تاپمىغان بولسا، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ٧ ئەسىردىن تارتىپ تاكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىقىلغانغا قەدەر بولغان ئۇزۇن مەزگىللىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى؟

پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. «باھائىددىن ئۆگەل: تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى».

2. «مەيدان لاروس ئوسىپ» 12 - توم 132 - بەت ۋە 7 - توم 17 - بەت.

3. «چەت ئەل كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» 185 - بەت.

4. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما».

5. «ھەربىي ئىشلار ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى» 97 - بەت.

6. «دۇنيا تارىخ لۇغىتى» 445 - بەت.

7. قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز».

8. «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 1 - 2 - سانى.

9. «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە

ھاكىم جاپپار

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا، مول مەدەنىيەتكە ئىگە ئەڭ قەدىمىي بىر مىللەت. «...شەرق تارىخى بىلەن ئازراق بولسىمۇ تونۇش بولغان ھەر بىر كىشى قەدىمىي زامانلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ نامى شىنجاڭدا پەيدا بولدى ھەم يوقالمىدى. ئۇلارنىڭ نامى جۇڭگونىڭ سېپىلىدە ۋە موڭغۇلىيىنىڭ چۆللىرىدە ياڭرىدى. ئالتاينىڭ ۋە يەتتە سۇنىڭ تاغلىق دالالىرىدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشىغان، بۇلا ئەمەس بالقان يېرىم ئارىلى خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا خۇسۇسەن بولغارلارنىڭ تارىخىدا ئىلمىي تەكشۈرگۈچىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلگىرىكى بوۋىلىرىنىڭ تەسىرىنى كۆردى».① «ئاسىيانىڭ شەرقىدە شىڭئەنلىڭ (ھىنگان) تاغ تىزمىلىرىدىن تارتىپ، غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا گوبى چۆللىكىدىن تارتىپ، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىق گويا بىر تارىخ سەھنىسى بولۇپ، نۇرغۇن كۆچمەنچى قەبىلىلەر بۇ يەرلەردە ياشاپ تارىخ سەھنىسىگە چىقتى... بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇيى مول، ئوت چۆپلىرى ياخشى موڭغۇل دالاسى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ياپلاقلىرى، قەدىمكى چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ مال بېقىشى، ئوۋچىلىق قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى باپ جايلار بولغان. ھۇنلار، جوجانلار (ئاۋارلار) سىيانپىلار، تۇركلەر، قىدانلار، موڭغۇللار مۇشۇ رايونلاردا بارلىققا كەلدى، زورىيىپ قۇدرەت تاپتى. ئۇيغۇرلارمۇ مۇشۇ رايونلاردا ئۆسۈپ يېتىلدى، زورايدى، قۇدرەت تاپتى»②.

تارىختا بىر مەزگىل دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «يىپەك يولى» ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان ماكانلىرىنى مەركەز قىلىپ، كېسىپ ئۆتكەچكە، ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شەرق ۋە غەربتىكى ئەللەر، خەلقلەر بىلەن باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

بىز سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە توختالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى ئىگىلەپ تۇرغان تېررىتورىيىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىدا ئەسلىدىنمۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلىرى، ئەجدادلىرى ياشىغان دېمەكچىمىز.

① ئا. ن. بىر نىشتام: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ قىسمىلىرى» 3 — بەت،
② ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم. 6 - بەت.

ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى، قەبىلىۋى گۇرۇھلىرى ياشىغان بۇ جايلاردا كېيىنكى ئۇزۇن زامانلار جەريانىدا ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىن باشقا جايلاردىكىلىرى تۇرلۇك تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن باشقا مىللەت، خەلقلەرگە سىڭىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر ئەۋلادى دەپ ئاتايدىغانلار ئاز قالغان.

ھازىرقى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى دېگەندە ئەزەلدىن شۇ يەردە بار بولغان ۋە تارىختا شىنجاڭدىن تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن شۇ جايلارغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىلى رايونى، قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردىن سودىگەرچىلىك قىلىش، تىرىكچىلىك قىلىش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئەنجان، پەرغانە، تاشكەنت قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بارغان، يەنە بىر قىسمى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، چاررۇسىيە ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىپ ئىلى، رايونىدىكى خەلقلەرنى تالان-تاراج قىلغان ۋە قورقۇتقان. نەتىجىدە 50 مىڭدىن ئوشۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى چاررۇسىيە تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ھازىرقى قازاقىستان يەنى يەتتە سۇنىڭ ئىچكىرىسىگە ۋە چاررۇسىيە يېڭىدىن قوشۇپ ئالغان ھازىرقى ئۇيغۇر رايونى (چۇنجى)، ياركەت (پانفىلوۋ) رايونلىرىغا ئورۇنلاشقان. قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تاكى ئالمۇتا ۋە ئالمۇتا ئوبلاستى ئەتراپىغىچە، تەگرى تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ سوزۇلغان جايلاردا، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، 400 كىلومېتىر سوزۇلغان ئىلى ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ياركەت (پانفىلوۋ) رايونى، چۇنجى ئۇيغۇر رايونى، چىلەك رايونى ۋە بۇ رايونلارنىڭ ئەتراپىدا بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن پەنجىم، كىپەكيۈز، ئارا ئۆستەڭ، كۆكتال (بورخوجا) خونخاي، چولۇقاي، دادامتۇ. غالجات، كەتمەن قاتارلىق ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان يېزىلار يېيىلىپ ياتىدۇ، سوۋېت ئۇيغۇرلىرى بۇ جايلارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ بوز يەر ئاچقان، يېزا ئىگىلىكىنى جانلاندۇرغان، نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزىلارنى، ئۇرمان ۋە باغۇ-بوستانلارنى بەرپا قىلغان.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئۇ جايلاردا ئولتۇراقلىشىپلا قالماي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقىمۇ زىچ ئارىلاشقان. ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قىزغىن قوللاپ، ئۇنىڭغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتە سۇ تەۋەسىدە لېنىن باشلىغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا، سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار پەرزەنتلىرى كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ كەلگەن. جۈملىدىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يەتتە سۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن يۈزلەپ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى، ئىلغار ئۇيغۇر پىدائىيلىرى جان پىدالىق بىلەن

www.uyghurkitap.com

كۈرەش قايىنىمىغا ئاتلانغان. ئاتاقلىق پارتىيە، دۆلەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېۋنى شۇلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1897 - يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى قورام بولۇسى (بەرمىگەنلىك) كىيىكباي يېزىسىدا خەلق ئوقۇتقۇچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى موللا ئەھمەت خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ 1899 — 1900 - يىللىرى ئالمۇتىغا كۆچۈپ كېلىپ جەدىت (يېڭىچە) مەكتىپىنى تەشكىل قىلغان. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئۇيغۇر تىلىدا ئالغاندىن كېيىن، بەش يىللىق رۇس مەكتىۋىدە ئوقۇپ، بۇ مەكتەپنى 1914 - يىلى تاماملىغان. ئاندىن كېيىن ئالمۇتادىكى ئىسھاقباي ئابدۇۋەلىيېۋلارنىڭ سودا سارىيىدا ئىشلىگەن. 1917 - يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇ جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1918 - يىلى 10 - مارتتا يەرلىك مۇسۇلمان مىللەتلەردىن بىرىنچى بولۇپ سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن ۋە 1918 - 1920 - يىللىرى ئالمۇتا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ بيۇرو ئەزاسى بولغان. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1920 - يىلى ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان 15 - ئاتلىق پولكىنى تەشكىللەپ، ئۆزى بۇ ھەربىي پولكىنىڭ كومىسسارى بولۇپ، ئاق باسمىچى بانditلارنى تازىلاشقا قاتناشقان. ئا. روزىباقىيېۋ 1922 - يىلى يەتتە سۇ ئوبلاستلىق سوۋېتلەر ئىجرائىي كومىتېت رەئىسى، 1925 - يىلى قازاقىستان ئۆلكىلىك پارتكوم مەركىزىي ئىجرائىي كومىتېت ئەزاسى، 1923 — 1924 - يىللىرى تۈركىستان كومپارتىيىسى 7 - 8 - قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىپ تۈركىستان مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى بولغان.

ئا. روزىباقىيېۋ 1922 - يىلى يەتتە سۇ كوممۇنىستلىرى ۋەكىلى بولۇپ رۇسىيە كومپارتىيىسى 11 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ھەم قۇرۇلتايدا لېنىننى كۆرگەن. 1924 - يىلى مايدا موسكۋادا پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. 1930 - يىلى پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان.

ئا. روزىباقىيېۋ 1933 — 1936 - يىللىرى موسكۋادا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپتە ئاسپىرانتۇردا ئوقۇغان. 1936 — 1937 - يىللىرى موسكۋادا ماركسىزم - لېنىنىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە - تەھرىر قىلىش ھەيئەت باشلىقى، مەركىزىي كومىتېت يېنىدىكى مىللەتلەر ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ يەنە يەتتە سۇ ئوبلاستلىق پارتكوم سېكرېتارى، قىزىل ئوردا ئوكروگلوك پارتكومى، پاۋلودار ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ 1 - سېكرېتارى بولغان. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە ئۇنىڭ كۆپلىگەن سەپداشلىرى 1937 - يىلى ئاتالمىش «خەلق دۈشمەنلىرى» دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئېلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئۇ پەقەت 40 يىللا ئۆمۈر كۆرگەن. 1937 - يىلدىن كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مىڭلىغان ئىنقىلابچىلار قاتارىدا ئا. روزىباقىيېۋ تولۇق

ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلگەن.
1987 - يىلى سوۋېت خەلقى ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 - يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ 50 - يىللىقىنى خاتىرىلىدى ۋە ئالمۇتا، ياركەنتلەردىكى بەزى كوچىلارنىڭ، مەكتەپلەرنىڭ نامىنى ئا. روزىباقىيېۋ نامىغا ئۆزگەرتتى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ قىسقا ھاياتىدىن مۇھىم بىر تارىخىي خىزمىتى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن «قەشقەرلىك»، «تارانچى» دېگەندەك بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدىغان، مەھەللىۋازلىق نامىلارنى ئۇ باش بولۇپ 1 - قېتىم تەنقىد قىلىپ، 1921 - يىلى ئىيۇندا تاشكەنتتە ئېچىلغان ئالتە شەھەر ۋە جۇڭغارىيە ئىشچى - كەمبەغەللىرىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىدا «ئۇيغۇر» دېگەن قەدىمكى ۋە ئەسلى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇ ھەقتە ئا. روزىباقىيېۋ: «بەزى بۇرادەرلەر (قەشقەرلىك) ھەم (تارانچى) نىڭ بىر بولۇپ، «ئۇيغۇر» سېكسىيەسىگە (تەشكىلىي ئورۇن) كىرىشىنى توغرا ئەمەس دېگەن پىكىرنى بايان قىلىدۇ. بۇ پىكىرنىڭ خاتالىقى ئوپ-ئوچۇق. چۈنكى تارانچىلار مۇندىن ئاز زامان ئىلگىرى ئالتە شەھەردىن چىققان ئۇيغۇر ئەللىرىدۇر. ئۇلاردىن باشقا قەشقەرلىق، تارانچىلارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، تىلى، تۇرمۇش ئادەتلىرى بىرلا خىل ھەم بىر-بىرىگە باغلانغان» دېگەن.①

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىمۇ ساقلىنىۋاتقان «...لىق»، «...لىك» دېگەن ئىبارەت بۇ سېستىق نامىلارنى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مۇندىن 70 يىل بۇرۇن تەنقىد قىلغان ۋە ھەل قىلغان. ھەقىقەتەن تارىختىن قارىغاندا، 1760 - يىلى جۇڭغارلار ئىلى رايونىغا كۆچۈرگەن ئۇيغۇرلارنى «تارا ئالچىن» يەنى (تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار) دەپ ئاتىغان. «تارانچى» ئەنە شۇ نامدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئابدۇللا روزىباقىيېۋغا ئوخشاش ئىلغار ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن تاكى 1937 - يىللارغىچە سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى، تىل - ئەدەبىياتى، سەنئىتى ۋە مائارىپ ئىشلىرىمۇ گۈللەنگەنىدى. 30 - يىللاردا سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپ - مەدەنىيىتى خېلىلا جانلانغانىدى. بۇ دەۋرنى ئۆزبېكىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن مەدەنىيەت خادىمى خەلىم خۇدايبەردىيېۋ ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىلى 11 - ئىيۇلدىكى سانىدا ئۆزىنىڭ «سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارمىنى تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇش» دېگەن ماقالىسىدا: «...ئوتتۇزىنچى يىللارنى سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ھەم ئەدەبىياتى گۈللەنگەن دەۋر دەپ تونۇيمىز. ئەپسۇسكى، بۇ گۈللىنىش دەۋرى بەك قىسقا بولدى. شۇ چاغلاردا تاشكەنتتە سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنىۋاتاتتى، شۇلارنىڭ

① «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتى، 1922 - يىل 17 - ئاۋغۇست.

قاتاردا مۇمىن ھەمرايېۋنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومانى، سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرى بولغان ئۆمەر مۇھەممەدى، نۇر ئىسرايىلوۋ، (گۈلىستان) توردى ھەسەن، ھېزىم ئىسكەندەروۋ ۋە باشقىلارنىڭ پوۋېستلىرى، داستانلىرى، توپلاملىرى بولغان. دەرسلىكلەر نەشرىياتىدا باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا سىنىپلار ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا دەرسلىكلىرى چىقىرىلاتتى. بۇ دەرسلەردىن ھەتتا شىنجاڭمۇ بەھرىمان بولغان. ئەنجان بولسا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر مەركىزى بولۇپ قېلىۋىدى. ئوتتۇزىنچى يىللاردا بۇ شەھەردە ئۇيغۇر مۇزىكىلىق دراما تىياتىرى بىلەن ئۇيغۇر پېداگوگىكا تېخنىكومى ئېچىلغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى بىر مەركىزى ئالمۇتا ئىدى. ئالمۇتادا 30 - يىللارنىڭ بېشىدا تەشكىل تېپىپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قەددىنى پۈكمەي رىۋاجلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇزىكىلىق دراما تىياتىرى، مىللىي سەھنە سەنئىتى ھەم دراماتورگىيىسىنىڭ دەرگاھى بولۇپ قالدى. ئالمۇتادا گېزىت ۋە كىتابلارمۇ نەشىر قىلىناتتى. ئۇيغۇر ياشلىرى بەئەينى قۇياشقا تەلپۈنگەن مايسىلاردەك بىلىم ۋە مەرىپەت قۇچىقىغا ئېتىلدى. توپ - توپى بىلەن تاشكەنت، موسكۋا، لېنىنگرات، ئالمۇتالارغا بېرىپ ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سەپلىرىنى تولۇقلىدى. ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، جامائەتچىلىك تەشكىلاتلىرىدا، مەدەنىيەت ئىدارىلىرىدا كۆپلىگەن ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ۋە پارتىيىسىز خادىملار ئىشلەيتتى. قىسقا مۇددەتتە، سوۋېت دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلارنى تىتالىننىڭ تەقىبلەش ھەرىكەتلىرى يەكسەن قىلىپ تاشلىدى...» دەپ كۆرسىتىدۇ.

30 - يىللاردا سوۋېت ئۇيغۇر مائارىپىمۇ تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن: شۇ چاغدا ئالمۇتا ئۇيېزدا (ناھىيىسىدە) ئۇيغۇر تىلىدا بىر مەكتەپ، يەركەت رايونىدا 15 مەكتەپ، پىشپەكتە (فرونزى) تۆت مەكتەپ، قارا قولدا (پرژېۋالىسكى) بىر مەكتەپ ۋە باشقا جايلاردىمۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەر بولغان. ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەركىزىي كومىتېتى بيۇروسىغا «ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلەش توغرۇلۇق»① ماۋزۇدا قىلغان دوكلاتى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىلىم ئاشۇرۇش يۇرتلىرىغا ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئەۋەتىش ۋە ئۇلارغا مەلۇم ساندا ئورۇن بېرىش مەسىلىسى تەلەپ قىلىنغان. شۇنىڭغا بىنائەن تاشكەنت، باكۇ، قازان، موسكۋا، لېنىنگرات، ئالمۇتا ۋە باشقا شەھەرلەردىكى بىلىم يۇرتلىرىغا 500 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر ياشلىرى ئەۋەتىلگەن. ھەممە جايدا يېگىلىققا ئىنتىلىش، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار، ئىلغار زىيالىيلار سەپىنىڭ ئالدىدا نەمۇنىچى بولۇپ ماڭغان. 1924 - يىلى 11 - مايدا ئېچىلغان

① «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئا. روزىباقىيېۋ» ناملىق كىتاب 39 - 48 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ كونفېرېنسىيىسىدە[1] ئا. روزىباقىيېۋ تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ سانىنى ئالغانلىقىنى، شۇ ھېساب بويىچە يەتتە سۇدا 500 ئۇيغۇر كوممۇنىست، سىر دەريا ئوبلاستىدا 200 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر كوممۇنىست بولغان. (پەرغانە، تۈركمەنىستان سانى ئېلىنمىغان) بۇ كوممۇنىستلار يەتتە سۇدىن باشقا پەرغانە، ئەنجان، ئوش، قوقان، مەرغۇلان، تاشكەنت، بۇخارا، بەيرەم ئەلى، مەرۋە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سانىمۇ شۇ دەۋرنىڭ (20 - يىللاردا) ئۆزىدە ئاز بولمىغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدە تۈركىستان ئۆلكىسىدە 600 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ياشىغان. بۇ ھەقتە ئا. روزىباقىيېۋنىڭ «ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلەش» توغرۇلۇق تۈركىستان كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەركىزىي بيۇروسىغا يازغان دوكلاتىدا[2] كۆرسىتىلىشىچە، تۈركىستان ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى 600 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئوبلاستلار بويىچە بۆلۈنۈشى تۆۋەندىكىچە بولغان: «يەتتە سۇ ئوبلاستىدا 625 مىڭ ئۇيغۇر، سىر دەريا ئوبلاستىدا 30 مىڭ ئۇيغۇر، پەرغانە ئوبلاستىدا 300 مىڭ ئۇيغۇر، تۈركمەن ئوبلاستىدا 2500 ئۇيغۇر، سەمەرقەنت ئوبلاستىدا 2500 ئۇيغۇر بولغان».

ھازىر كىشىلەر شۇنى ئويلىماي ۋە سورىماي تۇرالمايدۇكى، 20 - يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا 600 مىڭ ئۇيغۇر بولسا، ھازىر قانچىلىك ئۇيغۇر باردۇر؟ 50 — 60 - يىللاردا ۋە 1962 - يىلىدىكى ئىلى، تارباغاتاي چېگرا ۋەقەلىرىدە شىنجاڭدىن 100 مىڭلاپ ئۇيغۇر سوۋېتقا چىقىپ كەتتى. بۇلار قوشۇلسا قانچىلىك بولار؟ بۇ تەھلىل - تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلىي مەسىلە. ئومۇملاشتۇرۇپ ئالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ۋاقتىدا «سول» سىياسىي ئېقىم ۋە شۇ ۋاقىتتىكى قەھەتچىلىك - ئاچارچىلىق دەردىدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار (ئاساسەن يەتتە سۇ رايونىدىن) چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. شۇ جۈملىدىن بىر قىسمى شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ كوممۇنىستلار، زىيالىيلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار 30 - يىللاردا باشلانغان باستۇرۇشتا، ئاتالمىش «خەلق دۈشمەنلىرى» قىلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ يوقىتىلدى. سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپەيمەستىن ئازىيىپ كېتىشىدىكى يەنە بىر ئاساسىي سەۋەب شۇكى، باشقىلارغا سىڭىپ قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى، ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا مىللەت نامىنى قوللىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى.

---

[1] «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئا. روزىباقىيېۋ» ناملىق كىتاب 39 - 48 - بەتلەر

[2] «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئا. روزىباقىيېۋ» 48 - بەت.

1980 - يىلى موسكۋا «پەن» نەشرىياتىدا بېسىلغان ئىسھاقوۋ قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ يازغان «سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى مىللەت بولۇش جەريانى» ناملىق ماقالىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلار سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنى يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە پەرغانە ئۇيغۇرلىرى دەپ ئىككى چوڭ توركومگە بۆلگەن. يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن ئىلى، تۇرپان قاتارلىق رايونلاردىن بارغانلار بولسا، پەرغانە ئۇيغۇرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ئاساسەن قەشقەر رايونىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىلىش ئىزدەپ ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار. ماقالىدا: «بىز ئىككى جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي تەرەققىيات ئەھۋالىدا بەزى ئوخشىماسلىقلار بار. پەرغانە ئۇيغۇرلىرى ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتتا ئۇيغۇرلارغا تىل، ئۆرپ - ئادەتلىرى يېقىنراق بولغان ئۆزبېك مىللىتىگە قوشۇلۇپ سىڭىشىپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار ئارىسىدا ئۇزاقتىن بېرى مەدەنىي ئاساسلىرى، ئوخشاشراق ئىدى. شۇڭا قازاقىستان (يەتتە سۇ) ئۇيغۇرلىرىلا چوڭ دەرىجىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالدى» دەپ كۆرسىتىلدۇ. دېمەك، ھازىرقى سوۋېت ئۇيغۇرلىرىغا ئاساسەن يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ھازىرقى سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار مۇشۇ يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىنى قوللىنىدۇ، مۇشۇ تەلەپپۇزدا كىتاب - ژۇرناللار نەشر قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار توپلاشقان جايلاردا ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئۆز تىلىدا دەرس ئۆتىدۇ، ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر دەرسلىكلىرى نەشر قىلىنىدۇ. يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىلا ئۆز تىلى، يېزىقى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. پەرغانە ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بولسا، تىل، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئۆزئارا يېقىن، تارىخىي كەچۈرمىشلىرى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزبېك مىللىتىنىڭ تەۋەلىكىنى قوبۇل قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ تەۋەلىكنى قوبۇل قىلىشنى ئەبىئىي يۈسۈندا بولدى دېگەندىن كۆرە، ئۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ۋە يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرگۈزۈش قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلەردىن بەھرىمان بولۇشنى ئويلاپ، ئۆز مىللىتىنى تەرك ئېتىپ، ئۆزبېك مىللىتى تەۋەلىكىنى قوبۇل قىلدى دېگەن توغرۇ، بۇ ئەمەلىيەتتىكە ئۇيغۇن پاكىتتۇر.

«2000 - يىللارنىڭ بېشىدا بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان تېررىتورىيەسىدە 300 مىڭدىن ئوشۇق ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشىغان. 1959 - يىلى ئاھالىنى رويخەتكە ئېلىش ۋاقتىدا 19 مىڭچە كىشى ئۆلىرىنى ئۇيغۇر دەپ يازدۇردى. 1979 - يىلى ئاھالىنى رويخەتكە ئېلىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى (ئۆزبېكىستاندا) 25 مىڭغا يەتتى. بىزمۇ 50 - 60 -

يىللاردا شىنجاڭدىن كۆچۈپ چىققان مىڭلىغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە» ①

ئىسهاقوۋ قاتارلىقلار «هازىرقى سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللەت بولۇش جەريانى» دېگەن ماقالىسىدا: سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1970-يىلى 173 مىڭ 276 ئۇيغۇر بارلىقىنى، بۇنىڭدىن 1970 يىلى قازاقىستاندا 120 مىڭ 881 ئۇيغۇر، قىرغىزىستاندا 24 مىڭ 872 ئۇيغۇر، ئۆزبېكىستاندا 23 مىڭ 942 ئۇيغۇر، تۈركمەنىستاندا 1200 ئۇيغۇر، تاجىكىستاندا 500 نەپەر ئۇيغۇر بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تولۇق سەۋەبلەر بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بەزى ئۇيغۇرلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۆزلىرىنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىماقتا. شۇنداقلا ئالمۇتا، تاشكەنت قاتارلىق شەهەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى، تىل - ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن يول ئېچىلماقتا. تاشكەنت، تالغىر، ياركەت قاتارلىق ئۇيغۇرلار توپلاشقان جايلاردا ئۇيغۇر سەيلىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، تائاملىرى نامايىش قىلىنماقتا.

يېقىنقى سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 280 مىڭدىن 300 مىڭغىچە ئىكەن. قارىغاندا يېقىن كەلگۈسىدە بۇ ساندىنمۇ ئېشىپ كېتىش ئېهتىمالى بار. سوۋېت ئىتتىپاقىدا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئەرمەنىستان قاتارلىق بىرقانچە ئىتتىپاقداش جۇمهۇرىيەتلەرگە تارقىلىپ ئورۇنلاشقان (قازاقىستاندا ئومۇمەن توپلىشىپ ئورۇنلاشقان) سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارقاقلىقىغا، باشقىلار بەهرىمان بولغان بەزى هوقۇق، مەنپەئەتلەردىن بەهرىمان بولالمايلىقىغا، بەزى تەرەپلەردىن چەتكە قېقىلىشىغا، كەمسىتىلىشكە قارىماستىن تىرىشىپ ئىشلەپ، سوۋېت سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ئۆز ئۈلۈشىنى قوشۇپ كەلمەكتە.

تىرىشچان، ئەمگەكچان سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكىنى، ئاسان — قىيىنىنى تاللىماستىن جاپا مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇپ، ئائىلىسىنى بېقىش، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ، هازىرقى زامان بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. گەرچە ئۇيغۇرلاردىن هەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمهۇرىيەتلىرىنىڭ پارتىيە، هۆكۈمەت هاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقانلار يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن تولۇق ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا، كەسپىي تارماقلاردا ئىشلەۋاتقان خادىملار، تېخنىكلار، ئالىملار خېلى كۆپلەپ يېتىشىپ چىقماقتا. هازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇرلاردىن ئوندىن ئارتۇق تولۇق پەنلەر دوكتورى، 200 دىن ئارتۇق پەن كاندىداتلىرى يېتىشىپ چىققان. پەقەت تاشكەنت شەهىرىدىلا،

① خ. خۇدايبەردىيېۋ: «سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارمىيە تە [illegible] بولۇش»

www.uyghurkitap.com

ئىككى نەپەر پەن دوكتورى، 100 دىن ئارتۇق پەن كاندىداتى، 200 دىن ئارتۇق تېببى خادىم، 150 ئىنژېنېر، 16 يازغۇچى، شائىر ۋە ئۇنىڭدىن ئاتاقلىق ئارتىست، رەسساملار يېتىشىپ چىققان.

جۈملىدىن قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، فىلوسوفىيە ۋە ھوقۇق ئىنستىتۇتى فىلوسوفىيە كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، فىلاسوفىيە پەنلەر دوكتورى پىروفېسور ئەزىز ناربىبايېۋ، (ئەزىز ناربىبايېۋ 1942 - يىلى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ياردار بولغان ۋە ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن جاسارىتى ئۈچۈن «قىزىل يۇلتۇز» «1 - دەرىجىلىك ۋەتەن ئۇرۇشى» ئوردېنلىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان.) قازاقىستان س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى غوجەھمەت سەيدۇۋاققاسوۋلارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بىرىنچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئالىم، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى مۇرات ھەمرايېۋنى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىپ ئەسلىشىدۇ. گەرچە مۇرات ھەمرايېۋ 46 يېشىدىلا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلىمى، تالانتى، ئۆتكۈرلىكى، ئۆز خەلقىگە بولغان كۆيۈمچانلىقى كەڭ سوۋېت جامائەتچىلىكىنى قايىل قىلغان.

ھازىر سوۋېت ئۇيغۇرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قايتا قۇرۇش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىماقتا. ئۆزلىرىنىڭ كىلەچىكىگە زور ئىشەنچ بىلەن قارىماقتا. سوۋېت ئۇيغۇرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ماددىي مەنىۋى تۇرمۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرەشمەكتە.

# يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە★

5-ئاينىڭ 13-كۈنى، جاڭجىجۇڭ مالىيە نازارىتىگە 5-ئايدىن ئېتىۋارەن ساخاۋەتخانىدىكى 17 كىشىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا كىشى بېشىغا يېڭى پۇل ھېسابىدا بىر مىڭ 200 يۈەندىن تاماق پۇلى، 200 يۈەندىن پارچە راسخوت — جەمئىي بىر مىڭ 400 يۈەندىن پۇل بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

5-ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، تۈرمىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى گاۋدېڭباڭ، لى يۈنياڭ، شۆخەندىڭ، جى خې قاتارلىق تۆت كىشىنى تۈرمىدىن چىقىش، يەنئەنگە قايتىشقا دائىر ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىش ئۈچۈن جاڭجىجۇڭنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. سۆھبەت داۋامىدا ۋەكىللەر مۇنداق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىش. (2) ھەرقايسى گۇندىخانىلارغا ۋە ساخاۋەتخانىغا بۆلۈۋېتىلگەنلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىش. (3) ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەيگە ئايرىم-ئايرىم تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يەنئەنگە قايتىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ئۈستىدە يوليورۇق سوراش. (4) ئۈرۈمچىدە بىر-ئىككى ئاي دەم ئېلىپ، سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىش. (5) بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويۇش. (6) يېتەرلىك ئاپتوبۇس بىلەن تەمىنلەش. (7) دورىلارنى تولۇق تەييارلاش. (8) كېسەللەرنىڭ ۋە ئانا-بالىلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە ئەھمىيەت بېرىش. (9) چېن تەنچيۇ قاتارلىق ئۈچ يولداشنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش. (10) ھەربىر كىشىگە مۇۋاپىق يول خىراجىتى بېرىش. جاڭجىجۇڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

5-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، جاڭجىجۇڭ ياڭزىخۇا، جى خې، جۇدەنخۇا، شېن گۈنەن، لى يۈنياڭ، دۇيى قاتارلىق 6 كىشىنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى.

★ بېشى ئۆتكەن ساندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاڭجېجۇڭ تاماق ئارىلىقىدا مۇنداق دېدى: ھەرقايسىڭلارنى يەنئەنگە قايتۇرۇش ماۋزېدۇڭ ئەپەندىنىڭ پۈۋكچىڭدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپى، شۇڭداقلا جۇئېنلەي ئەپەندىنىڭ ماڭا بەرگەن تاپشۇرۇقى. جۇئېنلەي ئەپەندى چوڭ ئىنقىلاب دەۋرىدىلا مېنىڭ ياخشى دوستۇم ئىدى... كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىلەرنى ھازىرلا قويۇۋەتمىگەن تۈزۈك، گېزىتكە ئېلان قىلىشىمۇ ياخشى ئەمەس. ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن ۋاقىت قېلىشقا بولمايدۇ، يەنئەنگە بۇرۇنراق قايتىش كېرەك، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، ھەممىڭلار تېزراق تەييارلىق قىلىسۇن.

6 - ئاينىڭ باشلىرى، شېڭ ياڭ قاتارلىق 17 كىشى ساخاۋەتخانىدىن تۈرمىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. تۈرمىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى كۆپچىلىكنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى، ئالدى بىلەن ئىددىيە جەھەتتىكى تەييارلىقنى چىڭ تۇتتى، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈشنى، بىخوتلۇق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. غەلىبە بىلەن يەنئەنگە قايتىش ئۈچۈن يەنە بەزى ئىنتىزاملارنىمۇ بەلگىلىدى: (1) ئىنشپىيونلاردىن ھوشيار بولۇش، ياتچىلار ئەزالىرى ئىمكانقەدەر ئۆزىنى ئاشكارىلىماسلىق. (2) قارشى تەرەپتە ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يول ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماسلىق. (3) قارشى تەرەپ بىلەن تۈرمىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدىلا سۆزلىشىش، سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەشمەسلىك. پارتىيە تەشكىلاتى يەنە ماددىي ۋە تەشكىلىي تەييارلىقلارنىمۇ چىڭ تۇتتى. ئاپتوموبىللارنى ياش قۇرامى، سالامەتلىك ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇردى. كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا قارىتا كۈرەش ھازىرلىقى بولۇش جەھەتتىمۇ بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

6 - ئاينىڭ باشلىرى، جاڭجېجۇڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى گۇجۇتۇڭغا، شەنشى 1 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى خۇزۇڭنەنگە، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جۇشاۋجۇغا ئايرىم - ئايرىم تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يەنئەنگە قايتقان كوممۇنىستلارنى مۇۋاپىق كۈتۈۋېلىپ يولغا سېلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. جاڭجېجۇڭ يەنە جۇئېنلەيگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەھۋالدىن ۋە يولغا چىقىش ۋاقتىدىن ۋاقىپلاندۇردى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، كوممۇنىستلار ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىش ئالدىدا، جاڭجېجۇڭ چۈي ۋۇنى ئەۋەتىپ، ھەربىر كىشىگە 30 مىڭ يۈەندىن تورمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى كوممۇنىستلاردىن 131 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە 23 ى كىچىك بالا) جاڭجېجۇڭ ئورۇنلاشتۇرغان 10 ئاپتوموبىلغا

ئولتۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھەربىي رايون قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇياجې يېتەكچىلىكىدىكى بىر پەي ئەسكەر ۋە تىببىي خادىمنىڭ ھەمرالىقىدا، يەنئەنگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، جاڭ جىجۇڭ ليۇياجېغا ۋەزىپە تاپشۇردى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلىدى ۋە ۋاقتىدا ئەھۋالدىن دوكلات قىلىپ يوليورۇق سوراشنى جېكىدى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئاپتوموبىل ئەترىتى يەتتە قۇدۇقبا كەلگەندە جاۋجەنخۇانىڭ قىزى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئاپتوموبىل ئەترىتى لەنجۇغا يېتىپ باردى. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە، ليۇياجې بۇ يەردە قېلىپ، باشقا كىشى ھەمرا بولۇشى كېرەك ئىدى. كۆپچىلىك ليۇياجېنى «مەسئۇلىيەتچان»، «بىزگە ھېسداشلىق قىلىدۇ»، «ئۇنىڭ ھەمرا بولۇشى بىخەتەرلىكىمىزگە پايدىلىق» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زىخۇا ئۇنىڭ داۋاملىق ھەمرا بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ جاڭ جىجۇڭغا تېلېگرامما ئەۋەتتى. جاڭ جىجۇڭ بۇنىڭغا قوشۇلدى.

6 - ئاينىڭ ئاخىرى، ئاپتوموبىل ئەترىتى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ بىن شەن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى، بۇ يەردە ليۇياجې خوزۇگىنەنىڭ «شىئەنگە كىرىشكىنە بولمايدۇ، شەنياڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈڭلار!» دېگەن جىددىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. شەنياڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يىغىۋېلىش ئورنى بولغاچقا، پارتىيە تەشكىلىنىڭ مەسئۇللىرىدىن جاڭ زىيى قاتارلىقلار شەنياڭغا بارماسلىقنى قارار قىلدى. ليۇياجېمۇ خوزۇگىنەندە يامان غەرەز بارلىقىنى ھېس قىلىپ، جاڭ جىجۇڭدىن يوليورۇق سوراپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئۇچقۇچىلار ئەترىتىدىكى شى چىڭۋاڭنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېسىلى ئېغىرلاشتى، (دەرۋەقە، كېيىن ئۇ ۋاپات بولدى، جەسىدى 8 - ئارمىيىنىڭ شىئەندە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا دەپنە قىلىندى.) شۇنىڭ بىلەن كېسەلنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شىئەنگە كىرىش تەلەپ قىلىندى. ليۇياجېنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاپتوموبىل ئەترىتى كېچىلەپ يۈرۈپ شەنياڭنى كېسىپ ئۆتۈپ شىئەنگە كىردى. 8 - ئارمىيىنىڭ شىئەندە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى جۇزىجەن ئۇلارنى ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئېلىپ كەتتى. كېيىن، خوزۇگىنەن «تەكشۈرۈش» نامى بىلەن ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم تۇتۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مەركەزنىڭ خوزۇگىنەن بىلەن، جۇئېنلەينىڭ نەنجىن گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن سۆزلىشىشى، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىرادىچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، يول بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتوموبىل ئەترىتى شەنشى - گەنسۇ - نىڭشا چېگرا رايونىنىڭ جى جاسۇن دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەۋەتكەن كىشىلەر ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ليۇ ياجې ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىردى. بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار يەنئەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، كۆپچىلىك بىر ئايلىق سەپەرنى غەلىبىلىك ئاياقلاشتۇرۇپ يەنئەنگە يېتىپ كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، غەربىي شىمال بىيروسى ۋە شەنشى - گەنسۇ - نىڭشا چېگرا رايون ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىدىن جۇدې، رېن بىشى، لىن بوچۈي، ياڭ شاڭكۇن، ئەن زىۋېن، زىڭ سەن، كاڭ كېچىڭ قاتارلىق كىشىلەر چى لىپۇغىچە ئالدىغا باردى. ئىدارە، زاۋۇت، مەكتەپلەردىكى كادىر، جەڭچى، ئىشچى ۋە ئاممىدىن 20 مىڭغا يېقىن كىشى كوچىنىڭ 2 تەرىپىدە تۇرۇپ قىزغىن قارشى ئالدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇلارنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ كۈنى كەچتە، پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭدىن كەلگەن يولداشلارغا زىياپەت بەردى. باش قوماندان جۇدې بۇ زىياپەتكە قاتناشتى ۋە يولداشلارنىڭ غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. زىياپەتتىن كېيىن، كۆپچىلىك جۇدې بىلەن بىللە «لياڭشەنگە چىقىشقا مەجبۇر بولۇش» دېگەن تىياتىرنى كۆردى.

ليۇ ياجې كوممۇنىستلارنى يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويۇشتەك جاپالىق ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، ياخشى قارشى ئېلىندى. جۇدې ئۆزىنىڭ نامىدىن ۋە جۇئېنلەينىڭ نامىدىن جاڭ جىجۇڭغا رەھمەت ئېيتىپ خەت يازدى، جاڭ جىجۇڭغا ۋە ليۇ ياجېگە يەنئەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن يۇڭ ئەدىيال، يۇڭ يىپ قاتارلىق نەرسىلەرنى سوغا قىلدى.

## شىنجاڭ تۈرمىسىدىن گۇناھسىز دەپ كوللېكتىپ قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ ئىسىملىكى

### 1. موسكۋادىن ۋەتەنگە قايتقانلار (14 كىشى)

ماۋمىنفاڭ، جاڭزىيى، فاڭجىڭچۈن، ياڭژىخۇا،
چېن خۇالوڭ، لى ۋۇرۇ، ليۇ خۇيىڭ، ياڭ نەنگوي،
شېن گۇيەن، لى جىڭچۈن، زېڭ چۈەنفاڭ، لومەنۋېن،
رېن دىسەن، خەن يىڭ.

2. شىنجاڭدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلەر (43 كىشى)

گاۋدېڭباڭ، جى خې، يۇسۇن، يەن يىجىن،
شۈڭ مېيبىڭ، جاڭ لىيەنمۇ، ۋاڭ ۋېي، جۇدەنخۇا،
ياڭ شىگۇاڭ، چېن يىنسۇ، جېن يىشېڭ، لى يۈنياڭ،
ۋۇنەيېمىن، ماشۇ، لىيۇمىيەن، شۈي مىنلې،
ۋاڭ شۇنجۇ، فېڭ جاشۇ، گۇچۇنزې، چيەن پىڭ،
ۋاڭ يۈنشۆ، خاۋبىڭچىڭ، جاڭ دۇگيۆ، مارۇي،
شۈي لىياڭ، لى تاۋ، شېڭ لىڭ، لى خې،
ۋاڭ مۇ، لونەيتاڭ، خۇجيەن، چېن گۈيىڭ،
چېڭ جۇكې، لىيۇ زىپىڭ، گۇشيەنيەن، چېن گۇاڭجۇ،
شۆخەندېڭ، لى زۇگامىن، ساۋجەنپېي، بەي دافاڭ،
چېن چېڭيۈەن، تەن گۈيىياۋ، يەن جىڭگاڭ.

3. ئۈچۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەنلەر (31 كىشى)

لى مىڭ، چېن شى، جىڭ شېڭ، خۇ زىكۇن،
لى كۇي، جۇ لىفەن، ۋاڭ يۈنچىڭ، شابوشۇن،
فاڭ خۇەي، فاڭ زىيي، ۋۇپىڭ، جاڭ يى،
يۈن پۇ، لىيۇ جۇڭخۇي، لۈي لىپىڭ، دىڭ يۈەن،
جۇ شاۋگۇاڭ، يۈەن بىن، لىيۇ زىنىڭ، جاۋ چۈن،
فاڭ خۇا، شې چىگۇاڭ، چېن يۈپىڭ، چېن شۈي،
جۇ خوخۇا، ئەن جىمىن، ياڭ يىدې، ۋاڭ دۇڭخەن،
ساۋ لىنخۇي، لىيۇ زىلى، خۇاڭ سىشېن.

4. داۋالىنىش ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەنلەر (8 كىشى)

شې لىياڭ، شې جياڭنىڭ، لو يۈنجاڭ، خۇ زىمىڭ،
لو زۇيۈەن، زىڭ مىڭيو، شاۋ يۈنخەن، شې لياڭخۇڭ.

5. ئائىلە تاۋابىئاتلار (35 كىشى)

جاڭ ۋېي چۇ، ليۇ سۇ گلېن، شياۋ خۇا، جاڭ شاۋ لەن،
جاۋ جېن خۇا، خاۋ ليو شيا، خاۋ يۈ شيا، ۋاڭ ئانا،
ۋاڭ شۇ جېن، چېن چۇ سېن، جى شىڭ جۈن، جى شىڭ يۈ،
فاڭ لىڭ جۇ، لى ۋېن جۇڭ، يەن يو، جاڭ خۇ گېڭ،
سۇ ئانا، پېيۇ دۈيى، جۇ جيەن، ليۇ جې يۈن،
مايۇ جېن، لى كۇ كۇ، چېن شياۋ شى، ما شۇ شۇ،
شى تېي رۇ، خۇ يۈيەن، خۇ مېن پېڭ، لېن ئاخۇن،
لېن ئامېي، چېن شېۋ لىڭ، چېڭ يۈەن خۇا، چېڭ يۈەن مېن،
ماۋ يۈەن شىڭ، شى ۋۇيى، جى شىڭ خۇا.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، رەئىس ماۋزېدۇڭ پارتىيە مەكتىپىگە كېلىپ، شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەن يولداشلارنى يوقلىدى. ئۇ كۆپچىلىككە: ھەممىڭلار ياخشىمۇ يولداش، سىلەر سالامەتلىكىڭلارنى ياخشى ئاسراپ، ساقلاڭلار، ھازىرقى ئەھۋال بۇرۇنقىدىن ئوخشىمايدۇ. ھازىر 1 مىليوندىن ئارتۇق ئارمىيىمىز، 100 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىسى ئىگە ئازات رايونىمىز بار. خىزمەت قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەڭلار. سالامەتلىكىڭلار ئەسلىگە كەلسە، سىلەر قىلىدىغان خىزمەت كۆپ، سىلەرنىڭ ھازىرقى ۋەزىپەڭلار سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، دېدى. چۈشتىن كېيىن، ليۇشاۋچى، جۇ دې، رېن بىشى يولداشلارمۇ قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەن يولداشلارنى يوقلىدى. كەچتە، ماۋزېدۇڭ كۆپچىلىكنى ياڭجالىڭدا كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، كۆپچىلىك يەنئەن تىياتىر ئۆمىكى، مەركىزىي ئوركېستىر ئەترىتى بىلەن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەن يولداشلار «قەھرىمانلار ناخشىسى»، «ئازاد بولۇپ يەنئەنگە قايتىش» دېگەن ناخشىلارنى ئومۇمىي خور قىلىپ ئورۇنلىدى. چېن يىنسۇ «سېغىنىش كۈيى» نى، ليۇ خۇيلەن ئۇيغۇرچە ئاھاڭغا سېلىنغان «تۈرمە ناخشىسى» نى ئوقۇپ بەردى. «ئازاد بولۇپ يەنئەنگە قايتىش» نىڭ تېكىستى مۇنداق:

بىز قاقاس قۇملۇقنى ئېچىش ئەترىتى،
زىيادە چەكتۇق ھەقىقەت ئۈچۈن.
ياندۇرۇپ كۈرەشنىڭ گۈلخانلىرىنى،
يورىتىمىز تەڭرىتاغ باغرىنى پۈتۈن.
ئاڭلا! كەلمەكتە كىشىن ئاۋازى،
قاراڭغۇ ئۆزگەرمىگەن ۋەتەن ئۆتمۈشى.

غەلىبىگە ئىشەنچىسى، مۇقەددەس كۈرەش ــ
خەلقىمىزنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى.
قوغلىنىپ جاھالەت، كېلىدۇ سەھەر،
يۇرتىمىز يەنە ئىگە، قايتىمىز جەزمەن.
مۇساپىر سەييياھنىڭ ئانا يۇرتىغا
قايتىپ كەلگىنىدەك سېغىنىش بىلەن.
تۆكىمىز خۇشاللىق كۆز يېشىمىزنى،
مېھرىبان ئانىنىڭ قويىنىغا كىرىپ.
يېڭىمىز بار ئازاب ـ مۇشكۈلاتلارنى،
قاتمۇ ـ قات جاھالەت باغرىنى يېرىپ.
ئېيتقانچە جاراڭلىق غەلىبە مارشىنى،
ئىنقىلاب بۆشۈكى ئانا يۇرتىمىز
يەنئەنگە بارىمىز شۇ دەم ئاتلىنىپ.

7 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىملىرىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىشخانىسى، غەربىي شىمال بيۇروسى، چېگرا رايون ھۆكۈمىتى ۋە ياڭ جالىڭدىكى ھەربىي قىسىمدىكى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەر شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەن يولداشلارنىڭ ھال ـ مەھۇرىتىنى، ج ك پ ياڭ جالىڭ رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيى نامىدىن ھال سوراش خېتى ئەۋەتتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەر شىنجاڭ تۈرمىلىرىدە جازا ـ مەينەتلەرنى تارتىپ جاللاتلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتىڭلار، قۇربان بولغانلارمۇ ئۆلۈم ئالدىدا قىلچە باش ئەگمىدى. مانا بۇ كوممۇنىستلارغا خاس ئېگىلمەس خىسلەتنىڭ تىپىك ئۆلگىسى. سىلەر ماۋ زېدۇڭ قوشۇنىنىڭ باتۇر ئەزاسى بولۇشقا مۇناسىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ شاگىرتلىرى بولۇشقا مۇناسىپسىز. سىلەرنىڭ جاسارىتىڭلار ۋە باتۇرلۇقۇڭلار ئاخىرى ۋەھشىي ھىيلىگەر دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

قەدىرلىك يولداشلار، سىلەر ئالتە يىلدىن بۇيان بىزدىن ئايرىلىپ شۇنچە يىراق جايدا تۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى ئاڭلاش شۇنچە قىيىن بولدى. لېكىن، بىز سىلەرنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇمىدۇق. يولنىڭ يىراقلىقى سىلەر بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ئۈزۈۋېتەلمىدى، كۆڭلىمىز ھامان سىلەردە بولدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغىنىدەك سىلەرنىڭمۇ شۇنداق ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنگەن ئىدۇق. بۈگۈن ئۈمىدىمىز ئەمەلگە ئاشتى. بۇ، جاسارىتىڭلارنىڭ، قەتئىيلىكىڭلارنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى».

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، «ئازادلىق گېزىتى» شىنجاڭدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىق توغرىسىدا ئېلان چىقاردى. ئېلاندا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۇشۇ ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىنجاڭدا قۇربان بولغان يولداشلار ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش بەلگىلەندى. ھەرقايسى ئورۇنلاردىن گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلىدىغانلار بولسا شۇ كۈندىن بۇرۇن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىغا تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ». بۇ ئېلانغا يەنە شىنجاڭدا قۇربان بولغان يولداشلارنىڭ ئىسىملىكىمۇ كىرگۈزۈلدى. ئۇلار: لىن جىلۇ، ۋۇ ماۋلىن، چاۋ گوجېن، كې يۈنشۈ، پېڭ رېنفا، چى يەنپېي، چېن جېنيا، ۋاڭ دېشياڭ، شې چىڭۋاڭلاردىن ئىبارەت.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ زالىدا شىنجاڭدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ما مىنفاڭ، ئەن زىۋېن رىياسەتچىلىك قىلدى، چېن يىنسۇ (لىن جىلۇنىڭ ئايالى)، جاڭ يىپىڭ (چېن جېنيانىڭ ئايالى) ھازىردا بولۇپ تۇردى. فاڭ جىچۈن، شې لياڭخەي، يەن جىنگاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىغا ئاتاپ گۈل قويدى. بەي ئاگۇاڭ تەزىيە سۆزى سۆزلىدى. جاڭ دۇگېيۇ توققۇز نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، «ئازادلىق گېزىتى» ما مىنفاڭ، جاڭ دىيىنىڭ شىنجاڭدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن يازغان «شىنجاڭدا قازا تاپقان ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ ھايات، ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ» دېگەن نەزمى لەۋھەسىنى باستى. يەنە لى زۇڭلىن چاۋگوجېننىڭ تۈرمىدا قىلغان كۈرەشلىرىنى ئەسلەپ يازغان «بىز كوممۇنىستلار ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان» دېگەن ماقالىسىنى، لى يۈنياڭنىڭ «لىن ۋىلياڭنى ئەسلەيمەن»، فاڭ جۈەينىڭ «يولداش ۋاڭ دېشياڭ توغرىسىدا»، لى تاۋنىڭ «نو تاۋ» دېگەن تەخەللۇس بىلەن يازغان «يولداش چى يەنپېيگە تەزىيە» دېگەن ماقالىلارنى ئېلان قىلدى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، فاڭ جىچۈن ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى تاپشۇرغان «شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ جەريانى توغرىسىدىكى دوكلات»نى يېزىپ پۈتتۈردى ۋە ئۇنى تەشكىلات بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەردى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ قەتئىي تەلىپىگە ئاساسەن ئۇلارغا يېڭى ۋەزىپە تەقسىم قىلدى.

11 - ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىقلار نەنجىڭگە بېرىپ گومىنداڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى. قورچاق مىللىي قۇرۇلتايغا قاتناشتى، بۇ مەزگىلدە، ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق خادىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشتى. ئاببا سوۋ دۇڭ بىۋۇغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى. دۇڭ بىۋۇ مەركىزىي كومىتېت يولىيورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇقىملاشتۇردى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىققا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ ئىنچىكە - تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرى ۋە ئاساسىي تەشەببۇسلىرىنى ھەمدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇ: شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي، دىنىي ئېتىقاد بىر قەدەر قويۇق، شۇڭا، كوممۇنىزم بايرىقىنى بالدۇر كۆتۈرۈۋالمىغان تۈزۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى خاراكتېرى يەنىلا دېموكراتىك ئىنقىلاب، دېدى. ئۇ يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پېڭ گوئەن (يەنە بىر ئىسمى پېڭ چاڭگۈي، شىنجاڭدا قوللانغان ئىسمى ۋاڭ نەندى) نى دوراتسىيە ئالاقىچىسى سۈپىتىدە شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

**1947 - يىلى**

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، پېڭ گوئەن ئاببا سوۋ بىلەن بىللە ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە كەلدى، ئاببا سوۋ ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. پېڭ گوئەن ئېلىپ كەلگەن راتسىيە قۇراشتۇرۇلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ كۈچى يېتىشمىگەچكە يەنئەن بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئىمكان بولمىدى. ئۈرۈمچىدىكى «25 - فېۋرال» ۋەقەسىدىن كېيىن، پۈتۈن شەھەردە ھەربىي ھالەت يولغا قويۇلۇپ ئاختۇرۇش كۈچىيىپ كەتكەچكە، پېڭ گوئەننىڭ ئۈرۈمچىدە داۋاملىق خىزمەت قىلىشى مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا، 3 - ئاينىڭ باشلىرى ئاببا سوۋ ئۇنى غۇلجىغا ئېلىپ بېرىپ، گېزىتخانىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ 7 - ئايدىن باشلاپ شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىن قوبۇل قىلىپ «دېموكراتىيە گېزىتى» ۋە باشقا ژۇرناللارغا بەرگەن خەۋەرلىرى ياخشى قارشى ئېلىندى.

4 - ئايدا، ئاببا سوۋ «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەھبەرلىرىدىن يۈجياڭجۇ، لوجۇ، چېن شىخۇا، لى ۋېشىن، يۈجەنلىڭ قاتارلىقلارغا دۇڭ بىۋۇنىڭ پىكىرىنى يەتكۈزدى ۋە «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» بىلەن غۇلجىدىكى

«ئىنقىلابىي پارتىيە» نى «دېموكراتىيە ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قىلىپ بىرلەشتۈرۈشنى، ئۈرۈمچىدە «ئۈرۈمچى رايونلۇق كومىتېتى» تەسىس قىلىشنى كېڭىشىپ بېكىتتى. بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلغاندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆپ ساندىكى ئەزالىرى غۇلجىغا تارقىلىپ كەتتى. 1948 - يىلى 8 - ئايدا، «دېموكراتىيە ئىنقىلابىي پارتىيىسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. «ئۈرۈمچى رايونلۇق كومىتېت» بولسا داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ باردى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ياڭ ۋېنشيەن، ياڭ تيەنيۈن، ليۇ شۇھېڭ (ئايال) ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ياچېيكىسى» نى قۇرۇپ، «ئاۋانگارت» نى نەشر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەشكىلات «ئاۋانگارت تەشكىلاتى» دەپ ئاتالدى. شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئەزالىرى ئاز كەم يۈز كىشىگە يەتتى. 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئاۋانگارت» نىڭ تارقىتىلغانلىقى جاكارلاندى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، غۇلجىدا «شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

11 - ئايدا «ئۈرۈمچى رايونلۇق كومىتېت» «كۈرەش» نى قايتا نەشر قىلدى. «كۈرەش» دەسلەپتە ئىچكى ئۆگىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە 24 سان چىقىرىلدى. كېيىن، ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەشۋىقات ماتېرىيالىغا ئۆزگەرتىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بەزى ھۆججەتلىرىنى ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى باستى. ھەر ساندا بىر پارچىدىن باشماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ، كومپارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، كومپارتىيىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش جەھەتتە خېلى رول ئوينىدى.

(داۋامى بار)

ن. ئەخمىدى تەرجىمىسى.

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维文版）

1990年 第2期

（总第42期）


# 目　　录


加强马列主义理论建设是全党的一项战略任务……………………………………张炳玉

克优木泽

现实主义的美学原则是不可放弃的真理……………………………………艾孜木·卡斯木

试论我国实行《国营工业企业破产法》的理论基础

……………………………………阿不里克木·艾山，优里达西·吾守尔

谈我国行政法的演变……………………………………吐尔逊尼亚孜·沙吾尔

试论原始信仰与宗教的关系……………………………………阿不都克里木·热合曼

浅谈《福乐智慧》教育思想的历史意义……………………………………阿不都拉·吾买尔

浅议校对及其技巧……………………………………乌斯曼·吾买尔

柯坪方言初探……………………………………斯拉米·尤苏甫

文化人类学介绍……………………………………西仁·库尔班

鄂尔浑—叶尼赛碑文的发现……………………………………吐尔逊·吾守尔

浅谈苏联维吾尔人……………………………………阿克木·加帕尔

新民主主义革命时期中国共产党在新疆的斗争纪事(续)……………………《纪事》编写组

尼.阿合买地泽



جاۋابكار مۇھەررىر: كۆرەش مەھمۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

No 2. 1990 (Total: No. 42)


## Contents


To Strengthen the Costruction of the Marx'st - Leninist Theory Is a Strategic Task of the whole Party ········ *Zhang Bingyu*

The Aesthetic Principle of Realism is a Truth that Cannot be Abandoned ········ *Hizim Kasim*

A Preliminary Discussion on the Theoretical Basis of the Implementation of «the Insolvent Law for the State - owned Industr al Enterprises» in our Country ········ Ablikem Hasan and yoldax Hushur

A Talk on the Evolution of the Administrative Law of our Coutry ········ *Tursunniyaz Sawur*

A Preliminary Discussion on th: Relationship Between Primitive Beliefs and Relig'on ········ *Abdukerim Rehman*

A Talk on the Ristorical Sign'ficance of the Educat'onal Thingk ing ······ Qutadgu - b'lig ········ *Abdulla umar*

A Bierf Discussion on Proofreading and its Technique········ *usman umar*

A Preliminary Inquiry In to the kelpin Dialect ········ *Islam yusuf*

An Introducton to Cultural Anthropology ········ *xiren kurban*

The Discovery of the Eerhun - Yenisai Inscriptions ········ *Tursun Hushur*

A Brief Talk about the the Uyghurs in the Soviet Union······ *Hakim jappaer*

The Records of the Struggles of the Chinese Communist Party in Xinjiang During the Peripd of the New democratic Revolution ······ *The Editorial Group of The Records*



شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

(哲学社会科学维文版)

季　　刊

发行范围：公开发行

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ داشۆ

باش مۇھەررىر: ئىمجات ئەھمەتجان

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى 国内统一刊号CN65—1035/C

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58. باھاسى: 1.00 يۈەن